# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

# UNITY OF NATIONALITIES



2

1993











# ئات سوقاشتۇرۇش بايرىمى

ھەر يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، گۋاڭشى روڭشۈي مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى — ئات سوقاشتۇرۇش بايرىمى بولىدۇ. بۇ كۈنى ئات سوقاشتۇرۇش مەيدانى ئادەملەر دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ، ھەر مىللەت ئەزىمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەرۋىش قىلىپ باققان ئاتلىرىنى تالاشقا سالىدۇ. چەۋەندازلار بەيگىگە چۈشۈپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چىرايلىق كىيىنگەن مياۋزۇ قىزلىرى ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. پۈتۈن ئادەم بايرام شاتلىقىغا چۆمىدۇ.

ما يامىن، جاڭ گۋاڭدا فوتوسى




**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**

**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

كىشىلىك ھاياتتا ئىنسان تۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي تۇرمۇش. تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلار تۇرمۇشنىڭ غالىپلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ياشايمەن دەيدىكەنمىز تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەك. ئۈمىدۋار، ئەركىن ـ ئازادە، ئالغا ئىنتىلىش روھى بىلەن ياشاش، بۇ بىر خىل تۇرمۇش؛ ئۈمىدسىز، غەمكىن، بىمەنە ياشاش بولسا بىر خىل تۇرمۇش. ياشايمەن دەيدىكەنمىز تۇرمۇشتىن باش تارتىپ بولالمايمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ياخشىراق يولنى تاللىمايمىز!

مەشھۇر زاتلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان يوللىرىنىڭ ھەممىسى دانا بولۇشى ناتايىن. بۇ جەھەتتە مەن نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، كېيىن كارخانىچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئامېرىكىلىق پولات پادىشاھى كارنىگىنىڭ ھاياتىغا ھەۋەس قىلىمەن. ئۇنىڭ باللىق دەۋرى تىرىشچان، ياشلىق دەۋرى سۇباتلىق، ياشانغان دەۋرى خاتىرجەم ئۆتكەن.




بەزىلەر ياشاشنىڭ لەززىتى قالمىدى دېيىشىدۇ. لېكىن ھەممە ئادەمگە لەززەتلىك تۇرمۇش نەدە تۇرۇپتۇ؟ دەل تۇرمۇشنىڭ جەۋر ـ جاپالىقلىقىدىن، كىشىلەر ئۈمىدلىك ۋە ئۈمىدسىز، زېرەك ۋە نادان، ئۇلۇغ ۋە ئاددىي دەپ ئايرىلغان. تۇرمۇش ھەممىلا جايدا ئادىل ھەم ئورۇنلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. ھەممىلا جايدا ئادىل ھەم ئورۇنلۇق بولغىنى تۇرمۇش ئەمەس، چۈش.

تۇرمۇش ئەنە شۇنداق، ئۇلا نالە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى. ئوي ـ دوڭغۇل يولدا يىقىلىپ چۈشسەك ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يولىمىزنى مېڭىۋەرسەك بولمامدۇ. يىقىلغان يېرىمىزگە مىڭ مەرتىۋە ۋايساپ، غەزەپ بىلەن نەچچىنى دەسسەپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى.

تۇرمۇش ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن تۇرغۇن خام خىياللارنى يىتىپچىت قىلىۋېتىدۇ، لېكىن، بىزنىڭ بۇنداق خىياللارنى كەم قىلىدىغان چاغلىرىمىز دەل بىزنىڭ تۇرغۇنلىغان سەبىي ساپلىقىمىزنى يوقاتقان، ئەمما، تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ ماڭغان ۋاقتىمىزدۇر.

ھەممە ئادەم ياخشى كۈن كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ خاتا يېرى يوق. بىراق ئادەم بەك نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇ چوقۇم ياخشى كۈن كۆرەلمەيدۇ.

داۋىنچىگە ئائىت مۇنداق بىر ۋەقە بار: 1911 ـ يىلى ئۇنىڭ داڭلىق رەسىمى «مونا لىزا» پارىژنىڭ لىلوۋرى سارىيىدا يوقاپ كېتىدۇ. رەسىم ئېسىلغان جاي ئاق قالىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئاق قالغان جاينى كۆرگىلى كېلىدىغانلار بۇرۇن رەسىمنى كۆرگىلى كېلىدىغانلاردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ.

مانا بۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەزىللىكى. تۇرمۇشنى مەن مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىمەن: كۆز يېشىغا چىلىنىپ چىققان كۈلكە شېرىن بولىدۇ، غەم ـ قايغۇدىن كېيىن ئېيتىلغان ناخشا مۇڭلۇق بولىدۇ، تېگىرقاشتىن يۇلۇنۇپ چىققان روھ سەگەك بولىدۇ، يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلغان قەلب كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە


زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش
ۋە ئىشقا قويۇش كېرەك ............... ئىسمائىل ئەھمەد (4)
مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرى ئىقتىساد قارىشىنى تۇرغۇزۇشى، مىللەت قارىشىنى
كۈچەيتىشى كېرەك ............... ۋۇبېگچىن (9)
مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش كېرەك ............... ۋاڭ جۇنگو (12)


## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ


ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ............... تۇردى قادىر ناسىرى (14)
ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى كاھىش نەقىشلەر ............... ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت (17)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائامى — توخو كاۋىپى ............... مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (18)
شىنجاڭنىڭ ياۋا ياڭىقى ............... ماھىرە (19)
يۇەن دەۋرىدە بېيجىڭدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىسى ...............
............... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (20)


## دۇنيا مىللەتلىرى


ئامېرىكىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ............... جۇشىجاڭ (23)
مېلانېزىيىلىكلەرنىڭ نىكاھ ئادەتلىرى ............... ئەنۋەر تاشتۆمۈر تەييارلىغان (24)


## شەخسلەر


كامال تاپ، كامىل ئاكا ...............
— خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى كامال تۇرۇپ توغرىسىدا
............... ئېزىز ئالىم (30)


## مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىزدىنىش


ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا بېغىشلىغان مەخسۇس بەت ............... (32)


## مىللەتلەر قانۇنچىلىقى


«ئۇقتۇرۇش» — ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى بىرىنچى قەدەم ......
............... خۇاڭ جۇڭسەن (37)


## ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە


قەدىمكى خوتەن پىلىچىلىكى ............... جاپپار رەھىمى (41)


## بىلىۋېلىڭ


تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى ............... ۋەلى بارات (43)
پاي چېكى دېگەن نېمە؟ ............... شۆھرەت ئەخمەت (45)





دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئومۇميۈزلۈك خاراكتېرلىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر:
ئىدرىس بارات
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئەكبەر ئېلى
نۆۋەتچى مۇھەررىر:
خەمىت نىغمەت




ياۋزۇ مىللىتى



تۇزۇ مىللىتى

# مۇندەرىجە


ئادۋوكات بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى هازىرلاش كېرەك ...... دولقۇن (47)
بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە ............................................. (53)
يۈرەك سانجىقى قوزغالغاندا ........................... ئەيسا ناسىر (48)
«36 هىيلە» دېگەن نېمە ................................ ماهىر (22)

**تەرمىلەر**

باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ............................................. (44)
دۇنيا بويىچە ئۇن چوڭ باي دۆلەت ...................................... (52)
مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ كىچىك يېزا ـ يۈمىن يېزىسى ...................... (52)
دۆلەت گېربىدىكى هېكمەتلىك سۆزلەر ...................................... (13)
«ئىنجىل»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى ............... ئابدىرىشىت ياقۇپ (54)
نوبېل مۇكاپاتى ............................................................ (52)

**دەردىڭگە دەرمان بولاي**

هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب ............................................. (55)

**يېڭى ئىزاهلار**

شەيتان لۇغەت ............................................................... (56)

**گۈلدەستە**

ئىدىيىنىڭ تۇغۇلۇشى ........................ (نەسىر) تەۋفىق هەكىم (57)
نەسىرلەر .......................................... ئەخمەت ئىمىن (59)

**كىتابخانلاردىن خەت**

تامغا بىلەن ۋىۋىسكىدىكى يېزىق بىردەك بولۇشى كېرەك ...................... (61)
كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان زېهىن سىناش مۇسابىقىسى ................ (61)
مېنىڭ تەكلىپىم ............................................................ (61)

**فوتو سۈرەت گۈلزارى**

مۇقاۋىدا: مياۋزۇ ياشلىرى ........................ چې ۋېنلوڭ فوتوسى
2 ـ بەتتە: چاۋشيەن باللىرىنىڭ سەنئەت ماكانى ... شىنخۇا ئاگېنتلىقى فوتوسى
3 ـ بەتتە: ئات سوقاشتۇرۇش ........................ مايامىنلار فوتوسى
ئوتتۇرا رەڭلىك بەت: «بىزنىڭ يۇرتىمىز» فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىدىن تاللانمىلار
........................ ياڭ يوۋلى قاتارلىقلار فوتوسى
ئوتتۇرا قارا بەت 1 ـ: قايىنام جاپپار هۆسن خەتلىرىدىن تاللانمىلار ..........
ئوتتۇرا قارا بەت 2 ـ: بەدىئىي سۈرەتلەر.............................
4 ـ بەتتە: گۈزەل تاغلار ........................ يالقۇن ئابىل فوتوسى




جەمئىي 27 ـ سان


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
تويغۇر تەهرىر بۆلۈمى تۈزدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورو) پوچتانومۇرى:830000
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
تاق ئايلارنىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارە تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەهەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
هەر يىلى 5 ـ ۋە 10 ـ ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ۋەكالەت نومۇرى: 117 ــ 58
خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى
BM – 178 U






# زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش كېرەك

ئىسمايىل ئەھمەد

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل سىياسىتى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى، بۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلاندى. 14 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدىمۇ، پارتىيە نىزامنامىسىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپىسى قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشىدا تېخىمۇ كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش — دۆلىتىمىزدىكى ھازىرقى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مەركىزىي ۋەزىپە، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاساسلىقى، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ھەمدە ئۇنى مىللەتلەر خىزمىتىدە كونكرېتلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كونكرېت خىزمىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا ياخشى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى بولسا، شۇ يەردە پارتىيىنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرى ياخشى ئىجرا قىلىنىدۇ ھەم شۇ يەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن باشقا رايونلار ئوتتۇرىسىدا تارىختا قېپقالغان پەرق مەۋجۇت بولغاچقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلەت يار - يۆلەك بولۇش ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلار ياردەم بېرىش لازىم، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، شۇ جايدىكى خەلق ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ ئۇلار ئىدىيىدە ئازاد بولغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەرگە، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ماھىر، تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان، ئاممىنى يېتەكلەپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە مۇھتاج. قىسقىسى، سانى خېلى كۆپ، سۈپىتى خېلى يۇقىرى بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىغا مۇھتاج. بۇ يەردە سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل، يەنە كېلىپ بۇ رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت - ياقا جايلاردا بولغاچقا، شارائىتى بىر قەدەر جاپالىق؛ بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇلۇغۋار ئىرادىنى قەلبىگە پۈكۈپ، چېگرا رايونلارغا بېرىپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يىلتىز تارتىپ، بۇ رايونلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشقان، مىللىي رايونلارمۇ باشقا رايونلاردىكى

ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ كېلىپ تۆھپە يارىتىپ ئىگىلىك تىكلىشىنى قارشى ئالغان ھەمدە تۈرغۈن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئىختىساسلىق خادىملارنى يۆتكەپ كېلىش ۋە بۇ رايونلاردا ئۇلارنى ئېلىپ قېلىش قىيىن بولۇش ئەھۋاللىرى يەنىلا خېلى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولماقتا. بۇمۇ ھەرقايسى جايلاردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى قارشى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ جايدا ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئۇرلۇك ئىختىساسلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرى — مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان دەۋر. سوتسىيالىزم مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپلا قالماستىن، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. كادىرلار قوشۇنى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، كادىرلار بىر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كىشىلىرىدۇر، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇھىملىقىنى تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن ۋە دەۋر ئېقىمىدىن تونۇپ يېتەلەيدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىيات يولىنى دۆلەتنىڭ گۈللىنىش، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىدىن تونۇپ يېتەلەيدۇ، يەنە كېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپ، ئۆز مىللىتىنى يېتەكلەپ مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا باسىدۇ. ئىجتىمائىي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش — ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش — پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسەت پرىنسىپى، بۇ جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ھەمدە ئۇلار چۈشىنىدىغان — قوبۇل قىلىدىغان سىياسەت - تەدبىرلەرنى قانداق بەلگىلەش ۋە يولغا قويۇش ئىشلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ. دۆلىتىمىز 50 - يىللاردا ئەمەلىي ئەھۋالنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى، دېمەك مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ياخشىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ناچارلىرىنى شاللىۋېتەلەيدۇ، بۇ ئىشتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىك ۋە نەمۇنىلىك رولى ئىنتايىن مۇھىم.

ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلماقتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كېرەك، بۇ مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ۋە چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ تارىخىنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا قەتئىي ئىشەنچ باغلىغانلىقى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆز مىللىتى بىلەن تەبىئىي ئالاقىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئاممىسىغا نىسبەتەن كۈچلۈك چاقىرىق قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ كادىرلىرى باشقا مىللەتنىڭ كادىرلىرىغا قارىغاندىمۇ ياخشى رول ئوينايدۇ.

بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، مىللەتلەر خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدىمۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شۇنداقلا قىممەتلىك تەجرىبە توپلاندى. بىز ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشىمىز ۋە تەتقىقلىشىمىز ھەمدە ھازىرقى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياراملىق خادىملارنى يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. كونكرېت خىزمەتتە مۇنۇ بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، پىلان تۈزۈش. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇش ھەمدە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىمۇ ئىدىيىنى باتۇرلۇق بىلەن ئازاد قىلىپ، ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىياسەتلەردە چىڭ تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولغان رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ۋە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان مەخسۇس خىزمىتى سۈپىتىدە ئىشلەش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ خىزمەتنى قانۇنلاشتۇرۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى ۋە ھەر خىل تۈردىكى كادىرلارنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتىنى پىلانچانلىققا ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆۋەت ئالمىشىشىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاش - سەپلەشكە ئوبدان ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتى شۇ مىللەت نوپۇسىنىڭ نىسبىتى بىلەن ئاساسەن تەڭ بولۇشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، داۋاملىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كادىرلار تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا، دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، توختام تۈزۈمى شۇنىڭدەك ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشقا تەسىر كۆرسەتتى... قانداق قىلىپ خىزمەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم تېمىغا ئايلىنىپ قالدى.

2. يولنى كەڭ ئېچىپ، قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە كۆپ خىل يوللار بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، كادىرلارنى ئاساسلىقى مەكتەپلەر تەربىيەلەۋاتىدۇ، بۇ ئاساسىي يول. مىللەتلەر مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەر ۋە مىللەتلەر شۆبىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىشى لازىم، باشقا بەزى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارمۇ ئاز سانلىق

مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇۋاپىق ساندا قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ يول ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى نىسبىي ھالدا ئاستا بولۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى نىسبىي ھالدا يېتىشمەسلىكتەك كونكرېت ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇنلىغان مەخسۇس بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، بۇ بەلگىلىمىلەر ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كادىرلىرىنى ئىشقا قويۇش، يۆتكەش ـ سەپلەش، يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

3. سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش مۇھىم، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتىن ئىلگىرى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، ئەستايىدىل سىناش، ئاممىنىڭ پىكرىنگە ئوبدان قۇلاق سېلىپ، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى تاللاش، ۋەزىپىگە قويۇش ئۆلچىمىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش لازىم. ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىشكە بېرىلمەسلىك كېرەك، لېكىن ئوقۇش تارىخى، يېشى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە، دائىملىق تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق سۈپىتى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم، بۇ جەھەتتە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم.

ھازىر زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تولۇق ئەمەلىيىتىدە كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كادىرلارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ سەھنىسىگە، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭ دولقۇنىغا ئاتلاندۇرۇپ، ئۇلارنى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

يەككە سۈپەتتىن باشقا، يەنە ئومۇمىي گەۋدىنىڭ سۈپەت مەسىلىسىمۇ بار. ئومۇمىي گەۋدىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى يەككە سۈپەتنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا باغلىق. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى يېتىشتۈرۈلگەن كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلىرى بولغاچقا، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل بولۇپ كەلدى، بۇ ھال جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ھازىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى بىر جىددىي ۋەزىپە — قاراشنى ئۆزگەرتىپ، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەپ، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

4. تولۇق ئىشىنىش، دادىل ئىشقا قويۇش. يېتىشتۈرۈشتىن مەقسەت ئىشقا قويۇش ئۈچۈن بولغاچقا، ئىرىشىپ شارائىت يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ قىممىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا تولۇق ئىشىنىش كېرەك. ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھەم تامامەن ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئىسپاتلىدى. ئۇلارغا ئىشىنىشتە، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق خىزمەت ئورنىدا ئېغىر ۋەزىپىنى يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەقىل ـ

پاراستىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلىش كېرەك. ئۇلاردا يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا سەممىيلىك بىلەن كۆيۈنۈش، سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىش ھەمدە خىزمەت ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سەۋرچانلىق - ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەش كېرەك. ئەلۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەككى، ئۇلارغا قارىتا يېتەرسىزلىكلىرىنى يېپىش، مادارا قىلىش يولىنى تۇتماي، ئۇلارنى ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، دۆلەتنىڭ توغرا سىياسىتى بولغاندىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمۇ يەنە بىر ئەڭ مۇھىم شەرت. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئاڭلىق ھالدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەممە ئىشتا، ھەممە جايدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئاڭلىق ئاساستا قەتئىي چىڭ تۇرۇشى ھەمدە ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى چەت - ياقا جايلارغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك تۈپەيلىدىن كىشىلەر قاراش جەھەتتە نىسبىي ھالدا بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە، جۈرئەت قىلىدىغان، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىدىغان كادىرلارغا تېخىمۇ مۇھتاج. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تېخىمۇ ئاڭلىق ئاساستا مۇشۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، بولۇپمۇ 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى مۇھىم سۆھبىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، قارىشىنى يەنىمۇ يېڭىلاپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭ دولقۇنىدىكى ئاۋانگارتلاردىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى داۋامىدىكى ماھارەت كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىدۇر. پارتىيە ۋە دۆلەت — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرگۈچى ۋە قوغدىغۇچى. مەيلى قايسى مىللەتنىڭ كادىرى بولسۇن، ئۇ ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال دۆلەتكە مەنسۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، پارتىيە پرىنسىپى ۋە پارتىيە مەنپەئىتىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك.

زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا مۇھتاج. بۇ ھال ھەر مىللەت كادىرلىرىدىن ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈكى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ يول باشلامچىسى ۋە جارچىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچى ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا پائال ئوردە ئاتلىنىش كېرەك.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەر بىر پۇقرانىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، بۇ جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت

(ئاخىرى 16 - بەتتە)

# مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرى ئىقتىساد قارىشىنى تۇرغۇزۇشى، مىللەت قارىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك

ۋۇ بىڭجىن

نۆۋەتتە، مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرىدىن سىياسىي - ئىدىيىۋى ساپاسىنى، سىياسەت نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىساد قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە مىللەت قارىشىنى كۈچەيتىشمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھازىرقى باسقۇچتا مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەلىپى.

نېمە ئۈچۈن مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ ئىقتىساد قارىشىنى تۇرغۇزۇشى تەكىتلىنىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، دۆلىتىمىز دەل سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ باسقۇچتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يەنە كېلىپ، بۇ دەسلەپكى باسقۇچنىڭ تۆۋەن سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش جەھەتتە، ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە «سىياسەت تىپى» دىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن، ئۇلارنى يېتىلدۈرۈشتىمۇ سىياسىي - ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىنغان ئىدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى، سەپلەش جەھەتتە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى مەمۇرىي رەھبىرىي كادىرلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن ھەم باش قاتۇرۇلغان، ئىقتىساد تارماقلىرىدىكى كادىرلار ۋە كەسپىي تېخنىك خادىملار ئۈستىدە ئازراق باش قاتۇرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىلىشى تېخىمۇ چەكلىك بولغان ئىدى. ھازىر پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي تېخنىكا قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۇقتىسىنى ئىقتىساد باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە ھەر خىل ئىختىساسلىق كەسپىي تېخنىك خادىملارغا قارىتىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنىڭ ئىقتىساد قارىشىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەشتىكى ئىككىنچى سەۋەب شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ئىچكى جايلاردىكى كادىرلارغا ئوخشاش پۈتۈن پارتىيە خىزمىتى مەركىزىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىدىيىۋى قاراشىنىمۇ چوقۇم يېڭىلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىت ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتە پەرق بولغاچقا، ئىقتىساد قارىشى دېگەندەك كۈچلۈك بولمايۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئويۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كەم يېرىنى تۈرلۈك يوللار ۋە قاتلاملار ئارقىلىق تولۇقلاپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئۆزى ئۆگىنىشنى

كۈچەيتكەندىن باشقا، تەشكىلىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنى رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتتە ئىچكى جايلاردىكى كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش داۋامىدىكى تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ۋە تايانچلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى ھەم ئاممىغا ئۈنۈملۈك ھالدا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئوبدان يولغا قويغىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى خېلى كۆپ ئادەم ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، خىزمەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى يېتىشتۈردى. لېكىن يېتىشتۈرۈشتە، يەنىلا مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنلەر ئاساسلىق ئوبيېكتى قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دىپلوم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، دىپلومى ھەل بولغانلارغا ۋە يېشى سەل چوڭراق بولغان يولداشلارنىڭ داۋاملىق ئىلىم ئاشۇرۇشىغا سەل قارالدى. بۇ يولداشلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە يېتىشەلمەسلىك ۋە كەسپىي تېخنىكىسى كونىراپ كېتىش مەسىلىسى ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقىلى ھەم ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدا ئىقتىساد قارىشى بولۇشنى تەكىتلىگەنلىك ئىقتىسادىي خىزمەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش دېگەنلىك. بۇ، رەھبىرىي تارماقلاردىمۇ شۇنداق، ئىقتىسادىي خىزمەت تارماقلىرىمۇ شۇنداق، باشقا خىزمەت تارماقلىرىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. كۆپچىلىك ئىقتىسادىي خىزمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئىشلىيەلىگەندىلا بولسا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ خىزمەت ئورنى، خىزمەت مەزمۇنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بەزىلىرى تەدبىر بەلگىلەش ئورگانلىرىدا، بەزىلىرى بىۋاستە ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلاردا، بەزىلىرى ۋاستىلىك شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلاردا بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ بۇ خىزمەت بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىسىمۇ، ھەممەيلەن ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئاتلىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا پائال تۈردە ھەمكارلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى بىرلىكتە ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت ھەرگىزمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئالدىغا يەككە-يېگانە ھالدا راۋاجلاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىن بولىدىغان مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپىنى تېخىمۇ ئوبدان نامايەن قىلىشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنىڭ ئىقتىساد قارىشىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەت قارىشىنى كۈچەيتىشنىمۇ تەكىتلەش كېرەك.

مەيلى قايسى مىللەتتىن چىققان كادىر بولسۇن، ئۇلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىق ۋە ئورتاق تەرەققىيات قارىشى بولۇشى كېرەك. مەيلى قايسى مىللەتتىن چىققان كادىر بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھقا ئىگە بولۇشى ھەم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باي-كەمبەغەللىك پەرقى ۋە تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ھازىر تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولۇۋاتقان مىللەتلەرگە تېخىمۇ يار-يۆلەك بولۇش كېرەك. مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلغاندىلا، ئاندىن ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىدۇ.

ھازىر سىرتتىن كەلگەن كادىرلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خاتىرجەم ئىشلىمەيدىغان ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارمۇ ئۆز جايىدا خاتىرجەم

ئىشلىمەيدىغان ئەھۋال يەنىلا خېلى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇ ھال جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بىر مەسىلىنى يەنى ئىختىساس ئىگىلىرىنى قانداق قىلىپ كىرگۈزۈش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋەھالەنكى، ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا كادىرلارنىڭ ئۆزىدە مىللەت قارىشى بولۇشى لازىم. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ھېلىھەم جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. كادىرلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشلەش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغايمىز دەيدىكەنمىز، ئۇلارغا ماددىي جەھەتتە ۋە پۇل جەھەتتە كۆپرەك نەپ بېرىشكە ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. شۇڭا، يەنىلا كادىرلارنىڭ ئالىيجاناپ غايىسىگە، بولۇپمۇ كەسىپ بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى بىرىنچى، دەيدىغان ئىدىيىۋى كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورگانلىرى ئاقىلانە سىياسەت، تولۇق چۈشەنچە ۋە سەممىي غەمخورلۇقلار ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلارغا ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىشكە ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەسىپچانلىقىنى ئۇرغىتىشى ۋە ئىگىلىك يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

مىللەت قارىشى بولغاندىلا، ئاندىن ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا مەركەز بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئوبدان تەڭشەپ، ھەم دۆلەتنىڭ ماكرو ئىقتىساد جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ھەم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى سىياسەت جەھەتتە تېخىمۇ زور جانلىقلىققا ۋە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

مىللەت قارىشى بولغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئاچقاندا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغاندا، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرگىلى، ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى نەزەردە تۇتقىلى بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بەزى ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە ناچارراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، نەزەرىمىزنى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە قارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئورۇنلۇق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بېرىشىمىز، ئىچكى جايلار بىلەن تەڭلا «بىر ئاياقتا ھەيدەش»تىن ساقلىنىشىمىز، پۇختا قەدەم - باسقۇچ ۋە پەۋقۇلئاددە چارىلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كارخانىلارنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

قىسقىسى، مىللەت قارىشى كادىرلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يىلتىز تارتىشىنىڭ ئاساسى، كادىرلارنىڭ ئىقتىساد قارىشى ۋە يول ئېچىش ئېڭى بولسا ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشىنىڭ ئاچقۇچى. دېمەك كادىرلارنىڭ مىللەت قارىشى ۋە ئىقتىساد قارىشى كۈچەيتىلىدىغانلا بولسا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىدا تېخىمۇ گۈزەل تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ. (دىلمۇرات ت)

## كۆزىگە گىيا ئۈسكەن ئادەم

جەنۇبىي ئافرىقىلىق بىر دوختۇر جولىيان ئىسىملىك سەككىز ياشلىق بىر بالىنىڭ كۆز چانىقى ئىچىدىن ئۈچ مىللىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال گىيانى ئالغان. ئەسلىدە جولىيان بىر يىل بۇرۇن چىملىقتا ئويناۋاتقاندا كۆز چانىقىغا بىر تال چۆپ ئۇرۇقى كىرىپ كەتكەن، ھالبۇكى ئادەمنىڭ كۆزىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە كېرەكلىك بولغان سۇ، ئوكسىگېن ۋە نەملىك شارائىتى بولغاچقا ئۇرۇق بىخلىنىپ غول ۋە ئىككى تال ياپراق چىقارغان. پەرھات.ت

# مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك

ۋاڭ جۇنگۇي

جياڭ زېمىن قاتارلىق رەھبەرلەر يىقىندا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، باشقا ھەر قانداق خىزمەتنى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتتى. مىللەتلەر خىزمىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر مۇھىم خىزمىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ.

مىللەتلەر خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك؟ «بويسۇندۇرۇش» نىڭ ماھىيىتى «ئاكتىپلىق ھالدا قاتنىشىش» دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قاتلام مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر تەدبىرلەرنى بەلگىلەشتە ۋە كونكرېت سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە، چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بولۇشنى ئاساس قىلىش ۋە پايدىلىنىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. تەدبىر بەلگىلەش ۋە كونكرېت سىياسەتلەرنى بېكىتىش ئومۇملۇقتا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچتە «پايدىلىق بولۇش» تەدبىر بەلگىلەش ۋە كونكرېت سىياسەت تۈزۈشتىكى ئەڭ توپ ئاساستۇر. ئۈچتە «پايدىلىق بولۇش» ئاساس قىلىنمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا «بويسۇندۇرۇش» تىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاساس قىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمىدىكى «ياغاچ چېلەك» نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاغزى تەكشى بولمىغان بىر ياغاچ چېلەككە قانچىلىك سۇنىڭ سىغدىغانلىقى، چېلەكنىڭ ئەڭ ئېگىز گىرۋىكىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى ئەڭ تۆۋەن گىرۋىكىگە باغلىق بولىدۇ. بۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ سۇ سىغدۇرىمىز دەيدىغان بولساق، كەم يېرىنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەگەر غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ پەرقى چوڭىيىۋېرىدىغان بولسا، دۆلىتىمىزنىڭ بۇ «ياغاچ چېلەك»كە تېخىمۇ كۆپ سۇ سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

2. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، مىللىي ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ 80 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تېما. دەرۋەقە، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق تۇتۇش كېرەك، لېكىن ئىقتىسادنى تۇتۇش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى تۇتۇش ئارقىلىق ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش تېخىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېز راۋاجلاندۇرۇش «ھەم بۈگۈنكى كۈندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى ھەم دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ توپ پرىنسىپى».

3. مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇش ھەمدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يول بېرىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەر ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بولۇسىمۇ، بىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچىدا تولۇق ۋاقىتلىق ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ باسقۇچتا مىللەتلەر مەسىلىسى يەنىلا خېلى كۆپ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بولۇشىنى ئاخىرقى مەۋقە قىلىش كېرەك. كونىلاردا «گادايغا جىدەلخور كېلىدۇ» دېگەن سۆز بار. ئىقتىساد راۋاجلىنىدىغانلا بولسا، «جېدەل» ئازايماي قالمايدۇ.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشمۇ مۇنداق ئۈچ قاتلام مەنىگە ئىگە:

1. مىللەتلەر خىزمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى. مىللەتلەر خىزمىتى ئارماقلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن سىياسەت جەھەتتە مەسلىھەت - تەكلىپلەرنى بەرسە ھەم توغرا لىنىيىلىك بىرلەشمە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن ۋاستە بولسا بولىدۇ. قىسقىسى ئۈنۈملۈك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى خىلمۇ خىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئەتسە بولىدۇ.

2. مىللەتلەر خىزمىتىنى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەندە، ئۆز ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى مەبلەغنى دادىللىق بىلەن كىرگۈزۈش ۋە جەلپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونا قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ «قول ئىچىگە ئىگىلىدۇ» دەيدىغان ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، كاپىتالىزممۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ دەيدىغان ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، دادىللىق بىلەن تاشقى مەبلەغنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئېچىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، «ئىگىلىدىغان قولنى ئىگىلىمەس قىلىپ قويۇش»تىن ساقلىنىش كېرەك. مەبلەغ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇش، قەدەمنى تېخىمۇ چوڭراق تاشلاش كېرەك.

3. مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوغدىغۇچىلىق رول ئويناپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن مىللەتلەر ئىناق ئۆتىدىغان ئازادە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان، ھەتتا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرىدىغان دۆلەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوبدان ئېلىپ بېرىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئېلىمىز ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىدا ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى تونۇۋېلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان پايدىسىز ئامىللارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (جەملە ئېلى ت)

---

## دۆلەت گېربىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت گېربى ناھايىتى ئېسىل لايىھىلەنگەندىن سىرت، يەنە ناھايىتى چوڭقۇر مەنالىق، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر نەقىشلەنگەن. مەسىلەن:

نېپال: ۋەتەن جەننەتتىن ئەزىز
بېلگىيە: ئىتتىپاقلىق — كۈچ
نىگېرىيە: ئىتتىپاقلىق ۋە ھەققانىيلىق
گابون: ئىتتىپاقلىق، ئەمگەك، ھەققانىيلىق
گامبىيە: ئىلگىرىلەش، ئىتتىپاقلىق، گۈللىنىش
باربادوس: ئۆزۈڭنى قەدىرلە ۋە ئۆزۈڭگە ئىلھام بەر
زامبىيە: بىر زامبىيە بىر مىللەت
مالى: بىر مىللەت، بىر نىشان، بىر ئەقىدە
فرانسىيە: ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق
سىنگاپور: ئالغا، سىنگاپور

# ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى



تۇردى قادىر نازىرى

ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆركەم نەقىش قۇرۇلمىسى بىلەن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى ۋە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان رەخت، ساپال قاچا قاتارلىق قول ھۈنەر بۇيۇملىرىغا ئىشلەنگەن كەشتىسىمان نەقىشلەردىن مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قول - ھۈنەر سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن بۇندىن 3000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق كەشتە بېسىلغان رەڭگارەڭ كىيىم - كېچەك، ئەدىيال، پالاس، كىگىز، لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل يېزىسى (يەرلىك خەلقلەر بۇ جاينى «سايباغ» دەپ ئاتايدۇ) دىن تېپىلغان بۇندىن 2000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق گۈل-گىياھ نۇسخىسىدا كەشتىلەنگەن ئويما ياقىلىق كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، بەل پۈرمەگارمۇن ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، پۈرلەڭگە ئۇزۇن كۆڭلەك، تارپۇشقاق ۋە كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتانلار بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى قەدىمكى مەشھۇر خارابە — بار چۇقتىكى «توققۇز ساراي» دىن شاپتۇل چېچىكىنىڭ بەرگى كەشتىلەنگەن يۇڭ پالاز تېپىلغان. قۇمۇل شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قەدىمكى لاپچۇق شەھىرىدە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلى ۋە مىلادى 24 - يىللىرىدىلا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش يۇڭدىن رەخت توقۇغان، ئۇنى بويىغان، رەختلەرگە گۈل - گىياھ نۇسخىسىدىن كەشتە ئىشلىگەن ۋە توقۇمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرغان. كۇچادىكى قەدىمكى قارادۆڭ خارابىسى (ئەينى ۋاقىتتىكى كۈسەن خانىنىڭ خان ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن) دىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەئەللۇق رەڭلىك كەشتە نۇسخىسى شەكلىدىكى نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن ساپال قاچىلار ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر قېزىۋېلىنغان. قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، بارىكۆل، پىچان، تۇرپان، .

قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچا، شايار، ئاقسۇ، لوپنۇر، چەرچەن، چارقىلىق، گۇما قاتارلىق ئون نەچچە ئورۇندىن تېپىلغان رەڭدار ساپال قاچىلاردا كەشتىسىمان نەقىشلەر ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ.

كەشتە نۇسخىلىرى قەدىمكى زاماندا رەخت، كىيىم - كېچەك، ساپال قاچا، ئۆي بىساتلىرىدىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، بەلكى ھەربىي چاپانلارنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق قورۇق ئارغۇ (قىزىل جىلغا) دېگەن جايدىن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ياقىلىقنىڭ ئۈستىگە زەرىپ بىلەن يايلاق گۈلى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاق كىگىز ئۆي كەشتىلەنگەن تۆمۈر زەنجىرلىك ھەربىيچە چاپان تېپىلغان. ئارخېئولوگلار تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيىنىڭ 18 - ئۆيىدىكى كەشتىلەنگەن تون كىيگەن كىشىلەر ۋە گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن نەغمىچىلەر ئوبرازىنىڭ مىلادى 618 - يىلىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. كېيىنكى دەۋرلەردە كەشتە نۇسخىسى بىلەن بىناكارلىق نەقىشلىرىمۇ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئويما، گەج قاپارتما، رەڭلىك سىزما نەقىش سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. مىلادى 11 - ئەسىردە ياشىغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى، مىلادى 1271 - يىللاردىكى توغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ۋە سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېيتگاھ جامەسى، يەكەندىكى چىلتەنلىرىم مازىرى، كۇچادىكى ئەرشىدىن مەۋلانەم مازىرى ۋە كۇچا خانىقاسى قاتارلىق ھەشەمەتلىك تارىخىي بىنالارنىڭ گۈمبەز، مۇنار، قۇببە، كۈنگۈرا، مېھراب، تەكچە، ئايۋان، تورۇس، كۆرگۈل، تۈۋرۈك ۋە ئىشىك - دېرىزىلىرى، باشقا ھەر خىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىدىمۇ كەشتە نۇسخىسىنىڭ يۈكسەك نامايەندىلىرىنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يېقىنقى ياكىتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى مىلادىدىن ئىلگىرى گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، توقۇمىچىلىق، دوپپىچىلىق، ئويمىكەشلىك، باسما، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك، بىناكارلىق، ئۆي جاھازىلىرى، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىمكى كەشتە نۇسخىلىرى ئەجدادلارنىڭ ئۇزۇن زامانىدا قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بۇ سەنئەت نەمۇنىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاشلا يۈكسەك ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى ۋە ماھارىتىگە ئىگە مەدەنىيەت ياراتقۇچىلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر كەشتىچىلىك سەنئىتىدىكى نۇسخىلار قەدىمكى زاماندىكى كەشتە نۇسخىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلىتىلگەن بولماستىن، ئۇزۇن جەريانلاردا ئۆزگىرىش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىدىن ئۆتكەن، جۈملىدىن ھازىرقىدەك مۇكەممەللەشكەن ۋە سىستېمىلاشقان نۇسخىلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىغا بىرقانچە يۈز ئەۋلاد كەشتە ئۇستىلىرىمىز ۋە ئىجادچىلىرىمىزنىڭ يۈرەك قانلىرى، ئەقىل - پاراسەتلىرى سىڭگەن.

ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىدىكى نەقىشلەر، ئاساسەن، ئانار، ئۈزۈم، بادام، مۇدەن، قىزىلگۈل، گۈل - گىياھ قاتارلىق نۇسخىلاردا ئىشلىنىدۇ. ئۇيغۇر كەشتە نۇسخىلىرى ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. كەشتە نۇسخىلىرىنىڭ شەكلىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، گېئومېتىرىيلىك كرېست سىزىقچىلارنى سۈرەت قىلىش ئاساسىدا ئىشلىنىدۇ. بۇ گېئومېتىرىيلىك كرېست سىزىقچىلار نۇسخىدا ئېلىنغان ئېلېمېنتلارنىڭ قۇرۇلما شەكلىگە قاراپ، بىر ئورگانىك ئۇقتا قىلغان ئاساستا ھەر تەرەپكە تۈز ۋە ئەگرى ھالەتتە كېڭىيىپ ھەم ئۆزئارا كىرىشىپ ياكى كىرىشمەي، مۇستەقىل بىرگەۋدە ھاسىل قىلىدۇ - دە، كەشتە نەقىشنى شەكىللەندۈرىدۇ. كەشتە نەقىشلىرىنىڭ

بەزى نۇسخىلىرىنىڭ سىزىقلىرى ئۆزىنىڭ قۇرۇلما شەكلىگە قاراپ ئىككى تەرەپكە ياكى تۆت تەرەپكە، يا بولمىسا ئالتە تەرەپكە ھەتتا سەككىز ۋە ئون تەرەپكىچە تىك، يانتۇ ۋە تۈز ھالەتتە كېڭىيىپ راۋانلىشالايدۇ. بەزىلىرى مۇستەقىل بىرگەۋدە ھالىتىدە بولىدۇ. بۇ سىزىقچىلار شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ قوش (پاراللېل) ياكى تاق سىزىقلار بىلەن ئېلىنىپ، ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، سىزىقلارنىڭ ئۆزئارا تەكرارلىنىپ داۋاملىشىشى بىلەن بىر پۈتۈن نەقىش چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلالايدۇ، بەزىلىرىدە نۇقتىدىن باشلانغان سىزىقچىلار بەش تەرەپكە بۆلۈنگەن ھالدا داۋاملىشىپ، كېيىن بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈلىدۇ. يەنە بەزىلىرىدە نۇقتىدىن باشلانغان سىزىقچىلار ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلىدۇ ياكى مىنگەشتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا گۈل قوندۇرۇلىدۇ. بەزى نۇسخىلار يۇملاق، ئۈچ بۇرجەك (ئۈچ بۇلۇڭ)، تۆت چاسا (تۆت بۇلۇڭ)، بەش ئۇچلۇق، يۇلتۇز، دومبا شەكلىدە ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، نۇقتىدىن باشلانغان سىزىقچىلار ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلۈش ياكى مىنگەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق مەلۇم بىر شەكىلدىكى نۇسخا ھاسىل قىلىنىدۇ. ئومۇمەن، كەشتە نەقىشلىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى بىر - بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن ھالدا ئارىلىقلىرى رەتلىك ۋە جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

كەشتە نۇسخىلىرى تەكشى كەشتىلەش، يۆگەپ كەشتىلەش، تۈگۈپ كەشتىلەش، كىرېست شەكىللىك كەشتىلەش، گىرەلەشتۈرۈپ كەشتىلەش ۋە تۇسما كەشتىسى. قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن قاپارتما شەكىلدە، مەشۇت يىپ ئىشلىتىلىپ، كەشتە گۈللىرىنىڭ تېگى بىلەن گۈللىرىنىڭ رەڭگى بىر - بىرىدىن كۈچلۈك پەرقلەندۈرۈلگەن ھالدا ئىشلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كۆزگە ئالاھىدە روشەن چېلىقىپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ.

ئومۇمەن، كەشتە نۇسخىسىنىڭ ئىشلىنىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ كىيىم - كېچەك، دوپپا، باش ياغلىق، قول ياغلىق، ياستۇق، زەدىۋال، موخوركا خالتىسى، ئۆي بىساتلىرى، لۆڭگە ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئىشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىگە خاس زىننەت پەيدا قىلىدۇ. يەنە كەشتە نۇسخىسىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدىن پايدىلىنىپ گىلەمچىلىك، ساپالچىلىق، توقۇمىچىلىق، ئويمىكەشلىك، باسما، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك ۋە باشقا ھەر خىل قول ھۈنەر سەنئەتلىرىدىمۇ ئۇنىڭ يۈكسەك نامايەندىلىرى يارىتىلىدۇ.

---

(بېشى 8 - بەتتە)

كادىرلىرىنىڭ تېخىمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. بىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئاللىق شۇكى، مەملىكىتىمىز ئىچى - سىرتىدا يەنىلا مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇنسۇرلار مەۋجۇت، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ مىللەتلەر مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ بىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش — ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. — ھەر مىللەت كادىرلىرى بۇنداق چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە چوقۇم ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، مەيداننى مۇستەھكەملەپ، ئىتتىپاقلىق - بىرلىك بايرىقىنى مەڭگۈ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە بارلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى مۇرەسسەسىز ھالدا كۈرەش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سېپىلىنى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملىشى كېرەك.

زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۈزلۈكسىز كۆركەملەشتۈرىدۇ، شۇنداقلا ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان سەھنە ھازىرلاپ بېرىدۇ، دەۋرنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى ئەزىمەتلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

# ئۇيغۇر بناكارلقىدىكى كاھىش نەقشلەر

ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت

ئۇيغۇر بناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك مۇۋەپپەقىيەتى ھېسابلىنىدىغان نەقشلەر ئىمارەتكە ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمارەتلەرنى كاھىش بىلەن زىننەتلەش قەدىمى، مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

كاھىش ئاساسەن يېشىل ۋە زەڭگەر رەڭلىك بولىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بىنەپشە رەڭ، ھال رەڭ، ئاق رەڭلىك كاھىش ۋە قاپارتما گۈل نۇسخىلىرى ھەم گېئومېترىلىك شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن كاھىشلارمۇ بولىدۇ. ئۇ مەخسۇس خۇمداندا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بولغاچقا رەڭگى ئاسان ئۆڭمەيدىغان ھەم چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن ئىمارەتلەر قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، جۇلالىنىپ ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، ئۇيغۇر بناكارلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

كاھىش ئۇيغۇر بناكارلىقىدا تام، دەرۋازا، گۈمبەز، مۇنارلارنىڭ سىرتقى يۈزىگە گەج لېيى بىلەن يېپىشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يېپىشتۇرۇلۇش جەريانىدا گۈل نۇسخىلىرى بىر - بىرىگە ماس كەلتۈرۈلگەن ھالدا قاتار، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئاستى - ئۈستى ۋە ئوڭ - سول تەرەپلەرگە داۋاملاشتۇرۇلۇپ تەرتىپلىك ھالدا تىزىپ چىقىرىلىدۇ. بىر تام، مۇنار، گۈمبەز، دەرۋازا يۈزىگە ئوخشاشمىغان گۈل ۋە گېئومېترىلىك شەكىللەرنىڭ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن كاھىشلار تۈز ئارا دەۋر قىلىنىپ تەكرار چاپلىنىدۇ. كاھىش يۈزىگە ئاساسەن گۈل - گىياھلارنىڭ چېچەك، غۇنچە ۋە باراخسان ئۈسكەن شەكىللىرى شۇنداقلا ھەر خىل گېئومېترىلىك شەكىللەر مۇستەقىل چۈشۈرۈلىدۇ. چېچەك ۋە غۇنچىلار بەزىدە مۇستەقىل، بەزىدە بىر نەچچىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ رەڭلىرى ماسلاشقان ھالدا كۆركەم ئىشلىنىدۇ. بۇ خىل كاھىشلار ئىمارەتلەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا يۇقارقىدەك ئۇسۇللار بىلەن چاپلانغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا بىر پۈتۈن نەقش نۇسخىسى ھاسىل بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىمارەتلەردىن قورغاستىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، قەشقەردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ئاپئاق غوجام مازىرى، ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى، بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلگەن كاھىشلارنىڭ رەڭگى ۋە نەقش نۇسخىلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئىشلىتىلىش مىقدارىمۇ باشقا ئىمارەتلەرگە نىسبەتەن بىر قەدەر كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئالدى يۈزىگە يىگىرمە نەچچە خىل نۇسخىدىكى گۈل - گىياھ ۋە گېئومېترىلىك شەكىللەرنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك كاھىش گەج بىلەن يېپىشتۇرۇلغان. ھەر بىر كاھىش ئۇلچەملىك،

(ئاخىرى 40 - بەتتە)

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائامى —

## توخو كاۋىپى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

توخو كاۋىپى — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئەتىۋارلاپ ئوزۇقلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تامىقى، توخو كاۋىپى پىشۇرۇش بىر خىل ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. توخو گۆشىنى ئادەتتىكىچە پىشۇرۇش بىلەن كاۋاپ ئېتىش ئوخشاشلا سۇدا پىشۇرۇلسىمۇ، لېكىن توخو كاۋىپى ئېتىلگەن سۇ ئادەتتىكى سۇ بولماستىن، ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ كېلىنگەن، مەخسۇس توخۇ كاۋىپى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان توخۇ مېيدۇر.

توخو كاۋىپىنى پىشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: توخونى ئۆلتۈرۈپ تولۇق پاكىزلەپ بولغاندىن كېيىن، سوغۇق سۇغا سېلىنىدۇ. سۇ قايناپ توخو گۆشى پىشاي دېگەندە قارىمۇچ، كاۋاۋىچىن، سامساق قاتارلىق گۆشكە تەم كىرگۈزۈدىغان ھەم توخو كاۋىپى ئىشتىدىغان شورپىنىڭ بۇزۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن پايدىسى بولغان دورىلار سېلىنىدۇ. گۆش پىشىپ بولغاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ، گۆش پىشۇرۇلغان شورپا شۇ پېتى ئېلىپ قويۇلۇپ كېيىنكى قېتىمدىكى پىشۇرۇلىدىغان توخو كاۋىپى داۋاملىق شۇ شورپىغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇنداق گۆش پىشۇرۇش ئۇسۇلى-داۋاملاشقانسېرى توخو گۆشىنىڭ بىر قىسىم مېيى ئېرىپ، گۆش پىشۇرىدىغان شورپا ئاخىرى ئېرىتىپ ئۇيۇتۇلغان قويۇق مېيغا ئوخشاش ئۇيۇپ قالىدۇ. كاۋاپچى ئۇستىلار ھەر قېتىم توخو كاۋىپى پىشۇرغاندا ئالدى بىلەن قازاندا ئۇيۇپ قالغان توخو مېيىنى ئېرىتىپ سۇيۇقلاندۇرغاندىن كېيىن ئاندىن توخو گۆشىنى شۇ شورپىغا سېلىپ پىشۇرىدۇ. شۇڭا توخو كاۋىپى ھەم تاتلىق ھەم مايلىق پىشىدۇ.

توخو كاۋىپى پىشۇرىدىغان شورپا قانچە كونىرىغانسېرى توخو كاۋىپى شۇنچە تاتلىق، شۇنچە مايلىق پىشىدۇ. مەخسۇس توخو كاۋىپى پىشۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ نەچچە ئون يىللىق بولىدۇرۇلغان شورپىسى بار. چىرىيە ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئايشەمخان توخوچى دېگەن ئايالنىڭ ئېيتىشىچە ئاتا-بوۋىسىمۇ توخو كاۋىپى ئېتىش بىلەن شۇغۇللانغانىكەن، ئۇزى توخو كاۋىپى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىۋاتقان شورپا بوۋىسىدىن قالغان شورپا ئىكەن. بوۋىسى ئۇنىجى قېتىم توخو كاۋىپى ئېتىشكە كىرىشكەندە بىر چىنە بولىدۇرۇلغان شورپىنى 70 چارەك (بىر چارەك 18 جىڭ) بوغدايغا سېتىۋالغان ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا توخو كاۋىپى پىشۇرۇش خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسا كېرەك.

توخو كاۋىپى كۆپىنچە كەچقۇرۇن سېتىلىدۇ. بۇنداق بولۇشتا قەدىمدىن تارتىپ ھەر خىل ھۈنەرۋەن كاسىپلار، ئېتىز ئىشلىرىدىن يانغان دېھقانلار كۈندۈزى ئىشلەپ، كەچقۇرۇنلۇقى بازار ئايلىنىپ كۆڭۈل ئاچقاچ ئۇزى ياخشى كۆرىدىغان توخو كاۋىپىنى يەپ ھاردۇقىنى چىقارغىنى ئۈچۈن كېيىنچە بۇ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. توخو كاۋىپى ھازىرمۇ كەچقۇرۇنلۇقى كۆپرەك سېتىلىدۇ.

توخو كاۋىپى خاس كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان تاتلىق ئوزۇقلۇق بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭ شىپالىق رولىمۇ بار. توخو كاۋىپى ھۆل سوغۇق بولۇپ قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەر ئىستېمال قىلسا قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ. توخو گۆشىدە ئاقسىل ماددىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بەدەندە ئاقسىل ماددىسى كەمچىل كىشىلەر ئىستېمال قىلسا بەدىنى كۈچلەندۈرىدۇ. تاماق سىڭمەيدىغان كىشىلەر توخو كاۋىپى پىشۇرۇلغان شورپىدىن ئىچىپ بەرسە تاماقنى ھەزىم قىلدۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ. ھەر خىل ئېغىر كېسەللەرگىمۇ توخو كاۋىپى بېرىلسە زىيان قىلمايدۇ. بەلكى بەدەننى يېنىكلەشتۈرۈپ ماغدۇر پەيدا قىلىدۇ. ئەقلىي ئەمگەك قىلىپ چارچىغان كىشىلەر توخو كاۋىپى ئىستېمال قىلسا مېڭىنى سەگەكلەشتۈرۈپ، نېرۋىنى ياخشىلايدۇ. تاماكا چېكىپ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر توخو كاۋىپى ھەم ئۇنىڭ شورپىسىدىن ئىچىپ بەرسە ئۆپكە يوللىرى ھەم كاناي شاخچىلىرىنى تازىلاپ كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

# شىنجاڭنىڭ ياۋا ياڭىقى

ئېلىمىز بويىچە بىردىنبىر ياۋا ياڭاقلىق — شىنجاڭ ياۋا ياڭاقلىقى، تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى ئىلى ۋادىسى توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي مېرىدىيان 30°88 تىن 00°90 قىچە، شىمالىي پاراللېل 44°46 تىن 00°46 قىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەتمەن تېغى چاڭگىر سېيىغا جايلاشقان، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ياڭاقلىق جىلغا دەپ ئاتىشىدۇ. ياۋا ياڭاقلىق جىلغىدا ئاساسلىق جىلغا ۋە تارماق جىلغا بولۇپ، جىلغا باغرىدا يىل بويى شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. جىلغىدىكى ياۋا ياڭاقلارنىڭ تولىسى ياۋا ئالما، تاغ ئۆرۈكى قاتارلىق دەرەخلەر بىلەن بىللە ئارىلاش ئۆسۈپ، كەڭ يوپۇرماقلىق ياۋا ئورمان تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ تەبىئىي تارقىلىش كۆلىمى تەخمىنەن 700 مو بولۇپ، جەمئىي 3100 تۈپتىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۇتاش كەتكەنلىرى 450 مودىن كۆپرەك بولۇپ، تىك ئېگىزلىكى 1200 مېتىردىن 1800 مېتىرغىچە كېلىدۇ، يىللىق قۇرۇق مېۋە مەھسۇلاتى 2000 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ، مېۋىلىرىنىڭ جۈغى كىچىك، پوستى نېپىز، مېغىزىنى پۈتۈن چىقارغىلى بولىدۇ. مېغىزى تولۇق، سۈپىتى ياخشى. مۇشۇ بايلىقنى تېخىمۇ ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن توققۇز تارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى.

شىنجاڭ ياۋا ياڭاقلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئالاھىدە يەر شەكلى ۋە قىسمەن كىچىك ئىقلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىلى رايونىنى شەرق، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىن تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، غەربىي قىسمى تاغ ئارىلىقىدىكى جىلغىغا جايلاشقان بولۇپ، مۆتىدىل نەمخۇش ھاۋا شارائىتىدىن باشقا يەنە قىش پەسلىدە «تەتۈر مۆتىدىل ئىقىم قاتلىمى» مۇ بار. ياۋا ياڭاق جىلغىسى ئىچىدىكى ھاۋا نەمخۇش بولۇپ، ئاتموسفېرا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاز، شۇنداقلا ھاۋاسى ئىللىق، بۇ، ياۋا ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قويۇق، قۇرۇغان شاخ - شۇمبىلار، تۆكۈلگەن غازاڭلار كۆپ، سۇ شارائىتى ياخشى، مىكرو ئورگانىزمنىڭ پارچىلىنىشى تېز بولغاچقا، ئورگانىك ماددىلار مول بولغان مۇنبەت تۇپراق شەكىللىنىپ، ياۋا ياڭاقلارنىڭ ياشىشى ۋە ئۆسۈشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس يارىتىلغان.

ياۋا ياڭاقنىڭ يىلتىزىدىن چاتاقلاش ئىقتىدارى يوق، ياۋا ياڭاقلارنىڭ كېڭىيىشى تامامەن ئۇرۇقتىن ئۆزى ئۈنۈش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ، ياڭاق ئۈچكىسى ئىچىدىكى مېغىز بىخلىنىپ، ئۈنۈپ چىققىچە بولغان ئارىلىقتا مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ۋە سۇ تۇپراق شارائىتىغا مۇھتاج بولىدۇ. ئادەتتە كۆچەت 9 - 10 يىلدىن كېيىن مېۋىگە كىرىدۇ. ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە چېچەكلەيدۇ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن مېۋىسى پىشىشقا باشلايدۇ، ئاز ساندىكى ئاق تۈپلىرى 2 - قېتىم ئاتلىق چېچەك چىقىرىدۇ. ياۋا ياڭاقنىڭ مېۋىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، خېلى كۆپلىرىنىڭ شاخلىرىدا ئىككىدىن ئارتۇق ياڭاق بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ ئالتىگە يېتىپ، مېۋىسى غۇژمەك بولىدۇ. ياۋا ياڭاق تەبىئىي چاڭگىلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ياتلىششى ناھايىتى چوڭ، تۈرىمۇ جىق. مېۋىسى ئادەتتە يۇملاق، ئۇزۇنچاق ۋە سوقىچاق كېلىدۇ. ياۋا ياڭاقتا ياغ تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى. ئاقسىل ماددىسى ۋە شېكەر ماددىسى مول بولسىمۇ، لېكىن مېغىزى بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ھەجمى 13.7 كۇب سانتىمېتىر كېلىدۇ، بۇ ياۋا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ياۋا مېۋىزارلىق تېخى ئېچىلمىغان گېن بايلىقى بولۇپ، بۇمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تەتقىقات تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# يۈەن دەۋرىدە بېيجىڭدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىسى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

بۈگۈنكى كۈندە بېيجىڭدا كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان شىجىمىن دەرۋازىسى سىرتىدا «ۋېيۇۋسۇن» (يەنى ئۇيغۇر مەھەللىسى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بولغان. بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 1279 — 1368 - يىللار) ناھايىتى ئاۋاتلاشقان ئۇيغۇر مەھەللىسى ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 128- جىلدىدىكى «ئىبلى قايانىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن 143 - جىلدىدىكى «يۇئۇس قايانىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلاردىكى تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئەتراپتىكى خېلى بىر قىسىم جايلار ئىدىقۇت ئېلىدىكى مەشھۇر بىلىم ئىگىلىرى، زىيالىيلار، ئەدىبلەر، مۇتەۋەررىلەر ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىلىرى ئولتۇراقلاشقان ئورۇن بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ جايدىكى ئۇيغۇر مەھەللىسىدە ئەڭ مەشھۇر ئىككى چوڭ ئائىلە (جەمەت) ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى جايغا بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) لىق قايا فامىلىلىك (مەسىلەن، ئىبلى قايا، ئارسلان قايا، سەيىن قايا، بۇرۇل قايا، ئارغۇن قايا، خۇش قايا، غورىبتى قايا، قۇتلۇق قايا، تولى قايا، رانتوك قايا، شۇتۇك قايا ۋە لىيەن خۇيسەن قايا قاتارلىق) 40 تىن ئارتۇق ۋالىيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار ئائىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتى ئولتۇراقلاشقان. جەنۇب تەرەپتىكى جايغا يەنە بىر چوڭ جەمەتلىك ھېسابلانغان لىيەن فامىلىلىك (مەسىلەن، لىيەن شىمىڭ، لىيەن شىشەن، لىيەن پۇ، لىيەن گى، لىيەن خىڭ، لىيەن چىن، لىيەن شۇن، لىيەن دۇن، لىيەن تۇ، لىيەن ئانا باش، لىيەن شيەن، لىيەن يى... قاتارلىق) 30 دىن ئارتۇق ئالىم، ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان، دوختۇر، ئوردا ئۇلىماسى، خانزادىلەر ئۇستازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى ئولتۇراقلاشقان. بۇلاردىن باشقا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئىدىقۇت ئېلىدىن بېيجىڭ ۋە باشقا جايلارغا يۆتكەپ ئاپارغان ھەر خىل كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە ئىقتىدارلىق ئۇيغۇرلار نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ خېلى كۆپ قىسمى ئەنە شۇ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان.

خوش، ئۇنداق بولسا بۇنچىۋالا كۆپ ئۇيغۇرلار نېمە سەۋەبتىن بىراقلا پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ قالغان؟ قانداقلارچە ئۇيغۇر مەھەللىسىنى شەكىللەندۈرگەن؟

ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسىگە ئالاقىدار تارىخىي خاتىرىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردەك قەيت قىلىنىشىچە، مىلادى 1200 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈەن تەيزۇ (تېمۇچىن) شىمالدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنى «چىڭگىزخان» دەپ ئاتىغان ھەم زور كۆلەملىك قوشۇن تەشكىللەپ شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەڭگىۋار ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئۆزى مەغلۇب قىلغان نايمان ۋە مېركىت (مەرچى) قەبىلىلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشقا ھازىرلانغان، چۈنكى بۇ قەبىلىلەر چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل دالاسىنى تامامەن بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە چىڭگىزخان بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىپ كەلگەن ئىدى. 1208 - يىلى، تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك قارا قىتانلارغا قېچىپ باردى. 1211 - يىلى قارا قىتان خانى گورخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. مېركىتلارنىڭ قالدۇقلىرىمۇ شىمالىي يول ئارقىلىق چېكىنىپ جۇڭغارىيىگە كېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، قارا قىتانلارغا تەۋە ھەر قايسى قەبىلىلەر چىڭگىزخاننىڭ بويسۇندۇرىدىغان مۇھىم نىشانى بولۇپ قالغان. دەل شۇ چاغلاردا ئىدىقۇت ئېلىمۇ قارا قىتانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، قىتانلارنى يوقىتىشقا ھازىرلانغان ئىدى. دېمەك، قارا قىتانلارنى يوقىتىش موڭغۇللارنىڭمۇ، ئىدىقۇت ئېلىنىڭمۇ ئورتاق نىشانى بولغاچقا، موڭغۇللار بىلەن ئىدىقۇت

ئېلى بىر مەخسەتتە ئورتاق كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلگەن. مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، مىلادى 1209 - يىلى .(يۈەن تەيزۇنىڭ 6 - يىلى) ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى (بۇ چاغدا ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خان - پادىشاھلىرى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلاتتى) بارچۇق ئارت تېكىن قارا قىتانلارنىڭ ئىدىقۇت ئېلىدە تۇرۇشلۇق كەنجى باسقاقىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ۋەقەدىن خۇشاللانغان چىڭگىزخان 1210-يىلى ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەل بۇيرۇق، دار بايلار قاتارلىقلارنى ئىدىقۇت ئېلىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن بۇ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ھەم قۇت ئالمىش قايا، ئۆمەر ئوغۇل، تارباي (بەزى ماتېرىياللاردا بېكىس ۋە ئارغۇن تېمۇر مۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىقلارنى چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. چىڭگىزخان بۇ ئۇيغۇر ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننى ھوزۇرىغا كېلىپ مېھمان بولۇشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان. 1211-يىلى، ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن تەكلىپكە بىنائەن كورۇلىن دەرياسىنىڭ بويىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن. چىڭگىزخان ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە ئۇنىڭغا بىر قىزىنى بېرىپ، بەشىنچى ئوغلۇم دەپ ئاتىغان.

مىلادى 1218 - يىلىدىن باشلاپ، ئىدىقۇت ئېلىدىن نەچچە ئون مىڭلاپ ئۇيغۇر چەۋەندازلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ قىسمەن جايلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇلغان. بۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى چىڭگىزخان ئۈچۈن مۇھىم تايانچ كۈچ بولۇپلا قالماي، بەلكى قۇبلايخاننىڭ دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ھەربىي كۈچ بولۇپ زور رول ئوينىغان.

شۇڭا، 1260 - يىلى قۇبلايخان تايدۇ (ئەينى زاماندىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ موڭغۇلچە نامى بولۇپ، «ئۇلۇغ پايتەخت» دېگەن مەنىدە) دا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا، بۇ ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا غايەت زور تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلغان ھەم ئۇلارنى يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلىگەن. شۇنداقلا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئەنئەنىلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ئوردىدىكى موڭغۇل ئەمەلدارلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشتۇرماستىن، بەلكى ئوردىنىڭ غەربىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل، تەبىئىي مۇھىتى ياخشى، ھاۋاسى سالقىن ھەم ئازادە بولغان گاۋلياڭخۇ (كۆممە قوناقلىق) كۆلى ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان. يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى خېلى زور چىقىملار بىلەن بۇ جايغا نەچچە يۈز ئائىلىلىك ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى سېلىپ، گۈللۈك باغلارنى بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلارغا لايىق ئولتۇراق جايلارنى ياساپ بەرگەن ھەم بۇ جاي ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون قىلىنىپ، 100 نەچچە شتات ئاجرىتىلىپ، مەخسۇس قاراۋۇللار قوغدايدىغان، نەچچە يۈز خىزمەتچى ۋە سەنئەت كېنىزەكلەر ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلىدىغان قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

كېيىن، 50 تىن كۆپ ۋەزىر ۋە ۋەزىرىدىن يۇقىرى بولغان ئەركانەمگەلەر (دۆلەت دەرىجىلىك بەگلەر) ھەم 100 دىن كۆپ ۋالىي دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن، بۇ ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ نامى «ۋېيگۇگسۇن» («ئۇيغۇر بەگلىرى مەھەللىسى») دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشكە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپلا قالماي بەلكى ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي، ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇشقىمۇ قاتناشقاچقا، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. كېيىنچە ئۇيغۇر بەگلىرى مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشلەپ يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن تۆھپە كۆرسەتكەن نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلۈپ تايدۇ (بېيجىڭ) غا يۆتكەپ ئاپىرىلىشى بىلەن ئۇيغۇر مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىر ھەسسە كۆپەيگەن. بۇلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد بېيجىڭدا ياشاپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۇيغۇرلار تىل، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ئەنئەنە جەھەتتىن پەيدىنپەي پايتەخت خەلقىگە سىڭىشىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى ساقلاپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئەمما پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دېگەن تارىخىي نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## 36 ھىيلە دېگەن نېمە

ماھىر

«36 ھىيلە» بۇ جۇڭگو تارىخىدا بارلىققا كەلگەن ھەربىي ئىشلارغا ئائىت مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر. ئۇ ھەربىي ساھەدىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەردە ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. ئۇنداق بولسا «36 ھىيلە» دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ قايسى ھىيلىلەردىن (تەدبىرلەردىن) ئىبارەت، تۆۋەندە 36 ھىيلىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە كىتابخانلارغا كۆرسىتىپ ئۆتەيلى:

خاننىڭ كۆزىنى بوياپ، دېڭىزدىن ئۆتۈش؛ ۋېي بەگلىكىنى قورشاپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش؛ خەقنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش؛ تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ تۇرۇپ، ھالسىرىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىش؛ توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاش؛ شەرقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، غەربتىن ھۇجۇم قىلىش؛ يوق يەردىن پەيدا قىلىش؛ چىنسا ئاغا مەخپىي ئۆتۈش (تاغنى كۆرسىتىپ باشقا ھۇجۇم قىلىش)؛ چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش؛ كۈلۈپ تۇرۇپ، ياندىن پىچاق سېلىش؛ قاتتىقتا يۇمشاقنى تۇرۇپ تۇرۇش؛ ئۇدۇل كەلگەن پايدىنى سوقۇپ تۇرۇش؛ ئوت-چۆپنى چۇخچىلاپ، يىلاننى ئۈركىتىش؛ باشقا قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىش؛ يولۋاسنى تاغدىن ئايرىش؛ ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىسكەنجىگە ئېلىش؛ قوم چىچىپ، مەرۋايىت ئېلىش؛ ئوغرىنى تۇتقاندا چوڭىنى تۇتۇش؛ قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش؛ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش؛ كۆز بوياپ قۇتۇلۇش؛ ئىشىكنى تاقاپ ئوغرى تۇتۇش؛ يىراقتىكى بىلەن ئەپلىشىپ، يېقىندىكىنى جابلاش؛ ئىشەنچىگە ئېرىشىۋېلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئاجاۋۇز قىلىش؛ سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈش؛ قىزنى تىللاپ، كېلىنگە تەربىيە بېرىش؛ ساراڭ قىياپەتكە كىرىۋېلىش؛ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ شوتىنى تارتىۋېتىش؛ دەرەخنى چېچەكلىتىش (ئىرە تاراقشىتىش)؛ مېھمانلىقتىن ساھىپخان بولۇۋېلىش؛ ساھىپجامال بىلەن جەلپ قىلىش ھىيلىسى؛ شەھەرنى قۇرۇق قالدۇرۇش ھىيلىسى؛ قۇتراتقۇلۇق قىلىش ھىيلىسى؛ زەخمىلەندۈرۈش ھىيلىسى؛ ئىسكەنجىگە ئېلىش ھىيلىسى؛ ئەڭ ئالىي تەدبىر — چېكىنىش.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىز پەقەت «36 ھىيلە» نىڭ ئاتىلىشى. ئەسلى كىتابتا ھەر بىر ھىيلە ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن.

## دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئايال

ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت، دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئاياللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەخمىنەن 10 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر مۈلكى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالغان قىممەتلىك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 5 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك كېلىدىكەن. كۆچمەس مۈلكىنىڭ قىممىتى 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، يىلدا ئېرىشىدىغان ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمى 1 مىليارد 2 يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. بۇ كاپىتالدىن ئايال پادىشاھنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە خەجلىيەلەيدىغىنى 860 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھەر يىلى ئايال پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خېلى كۆپ مائاش بېرىدىكەن. 1992 -يىلنى ئالساق، ئايال پادىشا 15 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئايال پادىشاھنىڭ ئانىسى 1 مىليون 240 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئايال پادىشاھنىڭ يولدىشى 690 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئالغان. ئايال پادىشاھنىڭ قىزى، ئوغلى قاتارلىقلارمۇ 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئالغان.

(ئابدۇكېرىم راخمان. ت)

# ئامېرىكىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى



ھازىر ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلار تەخمىنەن 1 مىليون 100 نەچچە مىڭ بولۇپ، ئامېرىكا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 5 پىرسەنتىگە يەتمەيدۇ. دېمەك ئۇلار ئامېرىكىدىكى 100 نەچچە مىللەت ئىچىدىكى «ئاز سانلىق مىللەت». ئاق كۆڭۈل، ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ ئاز سانلىق مىللەت ئەۋلادلىرى ئاپىرىن ئوقۇشقا ۋە ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئەۋلادلىرىدۇر. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كارتېر ئەينى ۋاقىتتا يولداش دېڭ شياۋپىڭغا «جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ ئازلىقى ئۇلارنىڭ بۇ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ زورلۇقى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن.

ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلار پەن - تېخنىكا، مائارىپ، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە ئېلېكترون ساھەلىرىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى جۇڭگولۇقلار سىياسىي ساھەدىن ئورۇن ئېلىپ؛ جۇڭگولۇقلارنىڭ تېگىشلىك ئورنى ۋە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىرىشىۋاتىدۇ.

جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ ھازىرقىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ۋە ئورۇنغا ئېرىشەلىشى ھەرگىزمۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان ئەنگلو - سەكسونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان «ئېتىبار»ى ۋە «غەمخورلۇق»ى ئىدىن بولغان ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قېيىنچىلىق ۋە مۇھتاجلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ، توختىماي ئىلگىرىلەش ۋە ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن.

جۇڭگولۇقلار ئامېرىكا ئەمگەك كۈچىگە ئەڭ مۇھتاج بولغان «ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى» مەزگىلىدە ئامېرىكىغا كىرگەن. كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار ئۆز ئىختىيارىلىقى بىلەن توختام تۈزۈشۈپ ئىشچىلىق سېتىش بىلەن ياكى ئۆزى يول خىراجىتى تۆلەپ بارغان. جۇڭگولۇقلارنى ئالتۇن قازدى دېگەندىمۇ ئۇلار پەقەت باشقىلار قېزىپ تاشلىۋەتكەن ئورەك - ئازگاللاردىن ئالتۇن قازاتتى، ئۇلار قازغان ئازغىنە كېپەك ئالتۇنغا ئاق تەنلىكلەر قاراپمۇ قويمايتتى. جۇڭگولۇقلار بەختىگە يارىشا ئالتۇن مىقدارى مولراق كاندىن بىرەنى تېپىۋالىدىغان بولسا، ئۇنىمۇ ئاق تەنلىكلەر بۇلىۋالاتتى. كالىفورنىيە شتاتى ھۆكۈمىتى جۇڭگولۇقلاردىن ئاق تەنلىكلەرگە قارىغاندىمۇ كۆپ باج ۋە راسخوت ئالاتتى. 1850 - يىلىدىن 1870 - يىلىغا قەدەر كالىفورنىيە شتاتىدىكى جۇڭگولۇقلار شتاتلىق ھۆكۈمەتكە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 مىليون دوللار باج تاپشۇرغان ئىدى، بۇ شتاتلىق ھۆكۈمەت كىرىمىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كېلەتتى، جۇڭگولۇقلار بولسا كالىفورنىيە شتاتى نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتىگىمۇ يەتمىگەن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار بولسا ئىشچى ياكى ئۇششاق ئېلىپ - ساتار

دۇكاندار بولغان ئىدى.

19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا، جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئامېرىكىنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. بۇ تۆمۈر يوللار كالىفورنىيە شتاتىنىڭ تارىخىنىلا ئۆزگەرتىپ قالماستىن ئامېرىكا تارىخىنىمۇ ئۆزگەرتكەن.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىرلەشمە تىنچ ئوكيان تۆمۈر يول شىركىتى بىلەن مەركىزىي تىنچ ئوكيان تۆمۈر يول شىركىتىگە شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆنجى تۆمۈر يول غول لىنىيىسىنى ياساش ھوقۇقىنى تاپشۇرغان. مەركىزىي تىنچ ئوكيان شىركىتى غەرب قىسمىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قۇرۇلۇشنى كالىفورنىيىدىن شەرققە قاراپ تۈزارتقان. غەرب قىسمىدا تاغلىق رايونلار، قۇملۇقلار ۋە ئېگىزلىكلەر كۆپ بولغاچقا بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك بولۇپ، قۇرۇلۇش ناھايىتى تەسكە چۈشكەن. شىركەت ئالدى بىلەن ئىرلاندىيە تەۋەلىكىدىكى ئىشچىلارنى ياللاپ ئىشلەتكەن. ئۇلار ئىككى يىلدا ئاران 50 ئىنگلىز ملى كەلگىدەك يەرگە رېلىس ياتقۇزالىغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىشچىلار جاپاغا چىدىماي، بۇ يەردىن كېتىپ قالغان. قۇرۇلۇشنىڭ باش ھۆددىگەرى چارلىس كروكىر باشقا مەسئۇللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى ئىشلەتمەكچى بولغان. ئۇ جۇڭگولۇقلارنى قىسقا مۇددەت سىناش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دەرۋەقە قالتىس ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا شىركەت ئادەم ئەۋەتىپ گۇاڭجۇدىن ئىشچى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن زور ئۆركۈمدىكى جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۆمۈر يول قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئىز قالدۇرغان، جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ كىشىگە يېتىپ كۆپ ھاللاردا غەربىي قىسمىدىكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئۇ پارلامېنتنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى يىغىنىدا:

«قۇرۇلۇش نازارەتچىسى ستېروبرىج ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز جۇڭگولۇقلارغا قارىتا قىيىسق قاراشتا بولۇپ، ئۇلارنى ئىشلىتىشنى ئانچە خالىمايتتۇق. شۇڭا بىز ناھايىتى كەسكىن ئىلان چىقىرىپ، كۆپ ئىش ھەققى بىلەن ئاق تەنلىك ئىشچىلارنى قوبۇل قىلدۇق، ئەمما بىز مەغلۇپ بولدۇق. 800 ئادەمنىمۇ يىغالمىدۇق. بىز ئامالسىز قېلىپ جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى سىناپ باقماقچى بولدۇق. ھازىر مېنىڭ قارىشىم ئۆزگەردى، مۇبادا مەن ھازىر ئىمكان قەدەر تېز تاماملايدىغان بىرەر قەرەللىك چوڭ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالىدىغان بولسام، چوقۇم جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى ياللايمەن» دېگەن.

سىېررا - نېۋادا تاغلىق رايونى قىشتا ئىنتايىن سوغۇق بولاتتى. 1866 - يىلى قىش پەسلى ناھايىتى بالدۇر كېلىپ 10 - ئايدىلا قار يېغىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش ئاي جەريانىدا توختىماي قار ياغقان ۋە شىۋىرغان چىققان. شۇڭا، ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ بىر مۇنچىسىمۇ مۇھىتقا چىدىيالماي ئىشلەشنى رەت قىلىشقان، جۇڭگولۇق ئىشچىلار بولسا يەنىلا سەھەر بېرىپ، كەچ قايتىپ، بوشاشماي ئىشلەپ كەلگەن. سانسىزلىغان جۇڭگولۇق ئىشچىلار شۇ قىشتىكى قار كۆچۈش ۋە قار - شىۋىرغاندا ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان. پېشقەدەم جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ ئېيتىشىچە، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەخمىنەن 40 - 50 مىڭ جۇڭگولۇق ئىشچى قاتنىشىپ، 10 مىڭدەك ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان.

1869 - يىلى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆنجى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى تاماملانغان. لېكىن ساكرا مېنتودا تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەندە بىرمۇ جۇڭگولۇق بۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنمىغان، جۇڭگولۇق ئىشچىلار تىلغا ئېلىپمۇ قويۇلمىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار يەنە غەربتىكى باشقا تۆمۈر يول قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ قاتناشقان. مەسىلەن، 17 - تونېلدىن ئۆتۈپ كالىفورنىيىنىڭ جەنۇبىي ۋە

شىمالىنى ئۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۆمۈريولنى ياسىغان، غەربتىكى ئەڭ تۈزۈن بولغان سان فىرانسىسكو تونېلىنىمۇ جۇڭگولۇق ئىشچىلار تەشكەن. جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى جۇڭگولۇقلار تارىخ جەمئىيىتى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1976 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يەنى كالىفورنىيە شتاتىدىكى جەنۇبىي يول بىلەن شىمالىي تۆمۈريول ئۇتاشقانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنىدە بىر مىتال لەۋھە تۇرغۇزغان، ئۇنىڭغا «كالىفورنىيە تۆمۈريولى جەنۇب بىلەن شىمالىنى ئۇتاشتۇرۇپ تۇردى، جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ روھى ۋە قان ـ تەرى بۇ يولغا سىڭگەن» دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار ئىشسىزلىققا دۇچ كەلگەن، ئاندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا جان بېقىشقا يۈزلىنىپ، كالىفورنىيە شتاتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. 1877 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جۇڭگولۇق ئىشچىلار 5 مىليون ئاكردىن كۆپ زەيكەشلىكنى بوز يەرگە ئايلاندۇرغان. توغان ياساش ۋە يىغىلىپ قالغان سۇلارنى چىقىرىۋېتىشمۇ ئاق تەنلىك ئىشچىلار ياقتۇرمايدىغان جاپالىق ئىش ھېسابلىناتتى.

بوز يەرلەرنىڭ ئېچىلىشى ۋە چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگولۇقلار يەنە يەسلىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئايلانغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، جۇڭگولۇقلار كالىفورنىيە شتاتىدىكى يەسلىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ تىرىشچان ـ ئەمگەكچانلىقى ۋە ئۆگىنىشكە بېرىلىش روھى مەيدان خوجايىنلىرىنى ئىنتايىن قايىل قىلغان.

جۇڭگولۇقلارنىڭ بىرەر كەسىپ ئېيىشى تەس بولغاچقا، ئۇلار ئاق تەنلىكلەر تاللاشمايدىغان كەسىپلەر بىلەنلا شۇغۇللىناتتى، ئۇلار كىيىم ـ كېچەك يۇيۇش، ئاشپۇزۇل ۋە مىلچمال دۇكىنى ئېچىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۈزلەنگەن. بۇ كەسىپلەرگە كۆپ دەسمايە كەتمەيتتى، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ ئاز ئىدى. يەنە كېلىپ ئىش جاپالىق بولغاچقا، جۇڭگولۇقلار غورىگىلچىلىكتە تىجارەت قىلىپ، ئارانلا جېنىنى باقاتتى. ئىلغا ئىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جۇڭگولۇقلار ئاشۇنداق جاپالىق كۈنلەردىمۇ قېيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي پەرزەنتلەر تەربىيىسىگە يەنىلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيە كۆرۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سوتقا چىقىپ دەۋالىشىشتىن باش تارتمىغان ھەم تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە سان ـ فرانسىسكودا بىر جۇڭگولۇقلار باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرغان. پەرزەنتلىرىنى تەربىيە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بەزى جۇڭگولۇقلار مېڭزى ئانىنىڭ ئۈچ قېتىم كۆچۈشىنى دوراپ، ئائىلە بويىچە جۇڭگولۇقلارنى كەمسىتىش يېنىكرەك بولغان شەرق ۋە ئوتتۇرا رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن. دېمەك ئۇلار قاتمۇقات توسالغۇلارنى ئۆتكىنىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن پەرزەنتلىرىنى تەربىيە كۆرۈش، ئېبخنىكا ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىسىدا، ئامېرىكىدىكى 2 ـ ، 3 ـ ئەۋلاد جۇڭگولۇقلار ئىچىدە تەربىيە كۆرگەنلەرنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيگەن ھەم ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېشىپ بارغان. 1921 ـ يىلىدىن باشلاپ، كالىفورنىيە داشۆسىنى پۈتتۈرگەن جۇڭگولۇق ياش ئوقۇغۇچىلار چىقىشقا باشلىغان، لېكىن جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىش قانۇنى بىكار قىلىنىشتىن ئىلگىرى داشۆ پۈتتۈرگەن جۇڭگولۇق ياشلارنىڭ ئۆز كەسپىگە ماس كەلگۈدەك خىزمەت تېپىشى ناھايىتى تەس بولغان، ئاز ساندىكىلىرىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان. 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە، كەسپىي ئېبخنىكا تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان جۇڭگولۇقلار ئىشقا ئورۇنلاشقان جۇڭگولۇقلارنىڭ 2.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ھەممە ئىشتا ئۆزگىرىش بولدى، بىرىنچىدىن، ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەھۋالى

ئىگىلىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ياخشىلاندى، تەربىيە ئېلىش دەرىجىسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. زىيالىيلار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئىشچىلارنىڭ سانى نىسبىي ھالدا ئازايدى. ئۇلار ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا ماسلىشىپ، ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدى، جۇڭگولۇقلار ئۇزاق مۇددەت چەتكە قېقىلىپ كەلگەچكە، ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ھەدەپ ئازىيىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى تۆۋەنلەپ تىلغا ئالغۇچىلىكى قالمىدى، جۇڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشىگە تەھدىت سېلىشىغا ئىشىنىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلار جۇڭگو خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ دۈشمەنگە بىرلىكتە نەپرەت ياغدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاۋاز قوشۇپ، پۇل ۋە ماددىي نەرسە ئىئانە قىلدى. ھەتتا دۈشمەننى يوقىتىش يولىدا قۇربان بولدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشتەك جەڭگىۋار روھى ئامېرىكا خەلقىنى قايىل قىلماي قالمىدى. ئىككىنچىدىن، خەلقئارا ۋەزىيەتمۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىمۇ ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. 1941 - يىلدىن كېيىن، جوڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىتتىپاقداش دۆلەت بولۇپ، شەرق فاشىستلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇپ كەلدى، ئىتتىپاقداش بولغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن داۋاملىق دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى تۇتقىلى بولمايتتى. ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى بىلىملىك زاتلار جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنى چەتكە قېقىش سىياسىتىنى بۇرۇنلا ئەسلەپ ئۆتۈپ جوڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئامېرىكا تارىخىنىڭ ئۇيياتسىز بىر بېتى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ كۆچمەنلەرنى قارشى ئېلىش ئەنئەنىسى ۋە ئەركىن - باراۋەر بولۇش ئاساسىدىكى كىشىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىغا تۈپتىن خىلاپ ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ھەر قايسى ساھەلەردە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىش قانۇنىنى بىكار قىلىشنى 1943 - يىلىغا بارغاندىلا ئاندىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن پۇقرالىرىنىڭ غۇلغۇلا قىلىشىدىغان قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قېقىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن چېكىدىن ئاشقان ئۆكچى تەشكىلاتلارنى ۋە شەخسلەرنى يېتىم قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېسىمىدىمۇ ئامېرىكا جۇڭگونى ئۆزىگە تارتىپ، ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1943 - يىلى 12 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى روزۋېلت «ماگناسىن قانۇنى»غا ئىمزا قويدى. بۇ قانۇننىڭ ئاساسىي روھى ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان جۇڭگولۇقلارنى چەتكە قاقىدىغان بارلىق پەرمانلارنى بىكار قىلىپ، ھەر يىلى 105 جۇڭگولۇق كۆچمەننىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىگە ۋە قانۇنلۇق جۇڭگولۇق كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىشتىن ئىبارەت.

1943 - يىلدىن كېيىن، جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆچمەنلەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئىلگىرىكىدىن روشەن ھالدا پەرقلىق بولۇپ، ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى كۆرگەنلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئىشچىلارنىڭ سانى بولسا ئىنتايىن ئازىيىپ كەتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپ 1980 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، تەخمىنەن 100 مىڭ جۇڭگولۇق ئالىي دەرىجىلىك زىيالىي ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ قالدى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ كەسپىدىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. مىليونلىغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرى ئىچىدە 80 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم پەن - تېخنىكا، مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھازىر ئامېرىكىلىقلار ئىلىم - پەن، تېخنىكا، قۇرۇلۇش، مائارىپ ۋە سەھىيە ساھەلىرىنى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئامېرىكىدىكى 120 ـ 130 مىڭ ئالىي دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت كىشى يەنى لى جىڭداۋ، ياڭ جېننىڭ، دىڭ جاۋجۇڭ ۋە لى يۈەنجې نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق داشۆلە رفاكولتېتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئوشۇقراقىنىڭ مۇدىرى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى. ئاپوللونىڭ ئايغا چىقىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان ئىنژېنېرلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىمۇ جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى؛ ئامېرىكىدىكى 19 ئېلېكترون مىڭگە تەتقىقاتى مەركىزىدىن 12 سىنىڭ مۇدىرلىقىنى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرى ئۆتەۋاتىدۇ؛ ئامېرىكا تېكساس شتاتىدىكى ئۆلترا ئۆتكۈزگۈچ تەتقىقات مەركىزىگە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 180 تەتقىقاتچى خادىم ئىچىدىكى 50 نەپەر تەتقىقاتچى جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇ ئورۇننىڭ مۇدىرلىق ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادى ئىچىدىكى ئالىم جۇجىڭۋۇ بىلەن جۇ ۋېيگەن ئۆتەۋاتىدۇ. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىش بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ ئىز باسارلىرىمۇ يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياشلار ئامېرىكىنىڭ «غەربىي ئۆي ئىلىم ـ پەن تالانتى مۇكاپاتى»، «ئامېرىكا زۇڭتۇڭى شەرەپ مۇكاپاتى» ۋە «ئاق ساراي ياشلار تەتقىقاتى مۇكاپاتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق چوڭ مۇكاپاتلاردا، مەيلى مۇكاپاتلانغان ئادەم سانى جەھەتتە بولسۇن ياكى رەت تەرتىپى جەھەتتە بولسۇن، ئامېرىكىدىكى ھەر مىللەت ئەۋلادلىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئىلىم ساھەسى ۋە مائارىپ ساھەسىدە قاتتىق تەسىر قوزغىدى.

جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىگە ۋە قانۇن ساھەسىگە يۈرۈش قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ھازىر جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئادۋوكاتلار 1000 غا يەتتى. ئايرىملىرى فېدراتسىيىنىڭ سودىيىلىكىگە تەيىنلەندى. ئايرىملىرى ئۆتۈللى ـ ستىرىتتىكى پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىدىن ئورۇن ئالدى. 80 ـ يىللاردىن بۇيان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىرقچىلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دۆلەتتە «2 ـ دەرىجىلىك پۇقرا» دېگەن ئورۇندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پائال تۈردە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر پارتىيە ـ گۇرۇھ ئايرىماي، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ سىياسىي ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنى پائال تۈردە قوللاش كېرەك، دېگەن ئورتاق قاراشقا كەلدى. ھازىر بۇ ئىشتا ئاز ـ تولا ئىلگىرىلەش بولدى. مەسىلەن، ۋۇشيېناۋ سايلام رىقابىتى ئارقىلىق دېلاۋارې شتاتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، يۇجياڭ يۈگۈي كالىفورنىيە شتاتىنىڭ شتات ئىشلىرى كاتىپى بولدى، جاۋشياۋلەن ئىلگىرى ئىشتىپاق دېڭىز ترانسپورتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە ئىشتىپاق قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولغانىدى، ھازىر ئامېرىكا تىنچلىق ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولدى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئۈچ كىشى ئاق سارايىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە سايلاندى. بەزى شتاتلاردا ۋە ئوتتۇرا ـ كىچىك شەھەر ـ بازارلاردىمۇ جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى سىياسىي ساھەدە قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

ھازىر كونا تاڭلىقلار كوچىسى يوقىلىۋاتىدۇ. يېڭى «تاڭلىقلار شەھىرى» بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. لوس ـ ئانژېلىس شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى مۇنترپاك شەھىرى يېڭى تاڭلىقلار شەھىرىنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئۇلاردا ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيدىغان كونا جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ ئورنىنى ھەم ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان، ھەم خەنزۇچە يېزىقنى بىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئىگىلەۋاتىدۇ. جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ھېلىغىچە ئۆزىنىڭ بەزى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تىل، مائارىپ نۇقتىسىدىن ۋە ئاساسىي تۇرمۇش ئادىتى ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي جەمئىيىتى بىلەن سىڭىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

، (دىلمۇرات ت)

## ئاجايىپ مىللەتلەر

ئاي مىللىتى — برازىلىيە سان لوئىس شەھرىدىن 130 كىلومېتىر يىراقلىقتا لىنبويىس دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك ئارال بولۇپ، ئۇ يەردە 300 دەك ئاھالە ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىنتى ئاق، چىچىمۇ ئاق بولۇپ، نۇردىن قورقىدىكەن. دائىم دىگۇدەك ئۇزۇن يەڭلىك كۆينەك كىيىپ، قارا كۆزەينەك تاقاپ، قارا شىلەپە كىيىۋىلىپ كىچىسىلا سىرتقا چىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ قاتناش ئىشلىرى قولايسىز ھەم دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن ئايرىلىپ ئۇرغاچقا كىشلەر پەقەت ئۇغقانلار ئارا توپلىشالايدىكەن. شۇڭا بۇ خىل نۇردىن قورقىدىغان ئىرسىيەت ساقلىنىپ قالغان ئىكەن.

ئۈملەپ ماڭىدىغان مىللەت — جەنۇبى ئافرىقىدىكى سولو كەنتىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، ئۆرە ئۇرالمايدىغان پەقەت پۇت-قولىغا تايىنىپ ئۈملەپ ماڭىدىغان بىر قەبىلە ياشايدىكەن. بۇ قەبىلىدىكىلەر بىر خىل باكتېرىيىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن ،سۆڭەكلىرى يۇمشاپ كەتكەن. بەختىكە يارىشا بۇ خىل قورقۇنۇنچلۇق كېسەل ئۇلارنىڭ زېھنى كۈچى ۋە ھاياتىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىكەن. ئۇلار يەنىلا ئېتىز - ئېرىقلاردا ئۇز لايىقىدا ئىشلىيەلەيدىكەن.

ئەما مىللەت— مېكسىكىنىڭ غەربىدىكى مادرى تاغلىق رايونىنىڭ ئىپتىدائىي ئورمانلىقىدا ياشايدىغان ئالاھىدە بىر قەبىلە بولۇپ، بۇ كەنتىكى 300 دىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ ھەممىسى ئەما ئىكەن. ئالىملارنىڭ بايقىشىچە بۇلار ئۇغما ئەما بولماستىن بەلكى بىر خىل غەلىتە ھاشارەت چىۋىنىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بوۋاقلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كىرىپ، بوۋاقنىڭ كۆز قارىچۇقىدا كۆپىيىپ، بوۋاقنىڭ كۆرۈش نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقارغانلىقتىن ئەما بولۇپ قالغان ئىكەن.

(رابىيە ئىمىن ت)

## ھايات پەلسەپىسى

(مىكرو ھېكايە)

جاڭ ۋېي

لىپقىت بۇزۇلۇپ قالغىلى بىر ئاي بولدى، ئۇمۇ بىر ئايغىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى، بىكارچىلىقتا خىيال دېڭىزىگە چۆكتى: يا مەندىن ئۈچ ئەۋلاد بۇرۇن ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرقىنى بىلمىسەم، يا مەندىن ئۈچ ئەۋلاد كېيىن ياشايدىغان ئەۋلادىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىسەم. بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى تونىمىسام، ماڭا ياشاشنىڭ نىمە ئەھمىيىتى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە.... ئۆشۈنداق ئويلىدى - دە، ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئاچتى. ئۇ بىردىنلا كوچىدا مىغىلداپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنى كۆردى، بۇلارنىمۇ تونۇمايدىكەنمەنغۇ؟

ئۇنىڭ ئازابلانغان ۋىجدانى جايىغا چۈشتى دە، گەۋدىسىنى دېرىزە سىرتىدىن يىغىۋالدى.

### تويى خاتىرە يىللىرىنىڭ نامى

چەت ئەللەردە توي يىللىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، بۇ يىللارغا تېگىشلىك ناملارنى بەرگەن: بىر يىللىقى «پاختا تويى»؛ ئىككى يىللىقى «قەغەز تويى»؛ ئۈچ يىللىقى «خۇرۇم تويى»؛ بەش يىللىقى «ياغاچ تويى»؛ يەتتە يىللىقى «يۇڭ تويى»؛ ئون يىللىقى «قەلەي تويى»؛ 12 يىللىقى «تاۋار تويى»؛ 15 يىللىقى «خرۇستال تويى»؛ 20 يىللىقى «فارفۇر تويى»؛ 25 يىللىقى «كۈمۈش تويى»؛ 30 يىللىقى «مەرۋايىت تويى»؛ 40 يىللىقى «قىزىل ياقۇت تويى»؛ 50 يىللىقى «ئالتۇن تويى»؛ 70 يىللىقى «ئالماس تويى».

# مېلانېزىيىلىكلەرنىڭ نىكاھ

## ئادەتلىرى

مېلانېزىيىنىڭ مەنىسى «نېگىرلار تاقىم ئارىلى» بولۇپ، ئۇ تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يېڭى گۋىنىيە بىلەن فىجى تاقىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. قۇرۇقلۇق يەر مەيدانى 155 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرچە كېلىدىغان بۇ تاقىم ئاراللاردا 1 مىليون 600 مىڭچە ئاھالە ياشايدۇ، ئۇلار ئاساسلىقى مېلانېزىيەلەر. ھەرقايسى جايلاردىكى مېلانېزىيەلەرنىڭ نىكاھ ئادىتى بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاشمايدۇ. بۇ ماقالىدە پاپۇئا يېڭى گۋىنىيىسىنىڭ روررو رايونىدا ياشايدىغان مېلا نېزىيەلەرنىڭ نىكاھ ئادىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بۇ، قىز ئېلىپ قېچىشقا ئوخشاپراق كېتىدىغان نىكاھ ھېسابلىنىدۇ. توي كۈنى يىگىتنىڭ بىر توپ دوستلىرى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالىدۇ، ئۇلار يالغاندىن قاتتىق غەزەپلەنگەن بولىۋالىدۇ ۋە چۇقان كۆتۈرۈپ ئۆيگە ھۇجۇم قىلىدۇ. قىزمۇ يالغاندىن قاچىدۇ، ئاندىن كېيىن يىگىتنىڭ دوستلىرى ئۇنى تۇتۇپ كېلىدۇ. قىز ئۆزىنى قوغدىغان قىياپەتتە تېپچەكلەپ، قارشىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ھەممە چوڭ «جەڭ» قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىلا بولىدۇ. بۇ جەڭدە قىزنىڭ ئانىسى قولىغا كالتەك ياكى باشقا قورال ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ھەر قانداق نەرسىنى ئۇرىدۇ، شۇنداقلا قىزنى تۇتقاچقان ئادەملەرنى ۋارقىراپ تىللايدۇ، قارغايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ھېرىپ - چارچىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ يىغلاشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا شۇ كەنتتىكى باشقا بىر ئايال كېلىپ ئۇنىڭ ئورنىدا يەنە ئۈچ كۈن داۋاملىق يىغلاپ ۋايسايدۇ. يىگىتنىڭ دوستلىرى قىزنى تۇتۇۋېلىپ، يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىلىرى تۇرۇشلۇق ئۆيگە ئېلىپ بارىدۇ ۋە كۆڭگەي تەرەپتىكى كارىدورغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يىگىت ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن يوشۇرۇنۇۋېلىشى كېرەك، ئەمما، ئۇ ناھايىتى تېزلا دوستلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىدۇ. يىگىت بولسا ئاخىرىغىچە يالغاندىن قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇشى شەرت. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنىپ قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار توي قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ چاغدا يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە زادىلا سىنچىلاپ قارىماسلىقى كېرەك. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، يىگىتنىڭ دادىسى كېلىننىڭ دادىسىنىڭ قاتتىق تىل : ھاقارىتىنى ئاڭلىشى لازىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ تۇلۇك ئىتتىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەپلىشىپ قالىدۇ. چۈشتىن كېيىن، يىگىت تەرەپ كېلىننى چىرايلىق ياساپ ئارايدۇ. ئاندىن تويى بولغان يىگىت - قىز يىگىتنىڭ ئائىلىسىنىڭ كارىدورىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار يەنىلا بىر - بىرىگە قارىماسلىقى شەرت. ئەمما، ئۈچىنچى كۈندىكى مانا شۇنداق تەكرارلىنىدىغان يەنە بىر يىغلىشتا يىگىت بىلەن قىز ئەپلىشىپ قالىدۇ! قىز يىگىتكە سىپارى مېۋىسىنى بېرىدۇ. كېيىن ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان قىزنىڭ ئانىسى قىزنى كۆرگىلى كېلىدۇ ۋە قىزنى كۆرۈپلا يىغلاشقا باشلايدۇ، شۇ تەرىقىدە تاكى ئادەملەر سوۋغا تەرىقىسىدە بىر ئىتنى ئۆلتۈرۈپ ئېلىپ كەلمىگىچە يىغلاۋېرىدۇ.

توينىڭ ئىككىنچى باسقۇچى تويدىن كېيىنكى ئۈچ ھەپتىدىن سەككىز ھەپتىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، كېلىن ئاتىسى تۇرۇشلۇق كەنتكە بېرىشقا، ئاتىسىنىڭ كەنتىدىن كەلتۈرۈلگەن يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە بولمايدۇ. بۇ كۈنى كېلىننىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يىگىت تەرەپنىڭ ئادەملىرى كېلىننى ئېلىپ قىزنىڭ ئاتىسى تۇرۇشلۇق كەنتكە كېلىدۇ. قىز تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئادەملەر قىزنىڭ دادىسىغا بېرىلىدىغان توڭگۇز ۋە باشقا ئەتىۋارلىق ئۈچار قۇشلارنى ياغاچقا ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىن قىز ئۇستىبېشىدىكى زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ دادىسىغا بېرىۋېتىدۇ. قىزنىڭ دادىسى بۇنىڭغا جاۋابەن يىگىت تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارغا نانان ۋە بېلىق سوۋغا قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ئۆز يېزىسىدىن ئۆزۈپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان بولىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز قىزنىڭ دادىسىنىڭ مەھەللىسىنى يەنە بىر قېتىم يوقلاپ كېلىدۇ. مەھەللىدىكىلەر ئۇلارغا يەنە سوۋغا - سالام بېرىدۇ.

(ئەنۋەر تاشتۆمۈر. ت)

# كامال تاپ كامال ئاكا

## — خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ

## مۇدىرى كامال تۇرۇپ توغرىسىدا

ئىبزىز ئالىم

✻ مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى».

✻ مەملىكەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس».

✻ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «مۇنەۋۋەر باغۋەن».

✻ «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئوردېنى»غا ئېرىشكۈچى.

✻ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر مائارىپچى».

✻ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى».

ئەنە شۇنداق دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك شەرەپلىكناملارغا ئېرىشكۈچى — خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى يولداش كامال تۇرۇپ.



بۇنداق كۆپ شان - شەرەپ ھەممە كىشىگە مەنسۇپ بولۇۋەرمەيدۇ، شۇنداقلا بىر كىشىنىڭ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا شۇنچە كۆپ شان - شەرەپلەرگە ئېرىشىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بۇ شان - شەرەپلەرنىڭ ئارقىسىغا كامال ئاكىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە قان - تەرى يوشۇرۇنغان. بۇ شان - شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىدىن، ئوردېنلىرىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىسى ئالتۇن نۇر بولۇپ چاقنىدى. شەرەپ مۇنبىرىگە چىققان چاغدا ياڭرىغان ئالقىش سادالىرىدا خەلقنىڭ مىللىي مائارىپچىلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مىللىي مائارىپ ئىشلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

كامال تۇرۇپ 1941 - يىلى نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ 1959 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ سىياسىي مائارىپ كەسپىنى پۈتتۈرۈپ لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى. شۇ ۋاقىتتا بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى بىرقەدەر ناچار بولۇپ، قىيىنچىلىق خېلىلا ئېغىر ئىدى. كامال تۇرۇپ قىيىنچىلىق ئالدىدا قىلچە تەۋرەپ قالمىدى. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جاپالىق ئىشلەپ، دەرس ئوقۇتقۇچىسى، ئەترەت تەربىيىچىسى ۋە سىنىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ ئىشلىگەن خىزمەتنى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي، ھەممە خىزمەتتە نەتىجە ياراتتى. نەتىجىدە ئۇ ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرلىقىغا، كېيىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

1982 - يىلى ۋىلايەتنىڭ ئۆقتىلىق مەكتىپى بولغان 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ ئوقۇش

سېھىرنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، يەتتە يىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىدىن 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇپ، ۋىلايەت بويىچە داڭ چىقاردى، كېيىن تەشكىل ئۇنى 1989 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكىدى. ئۇ يېڭى خىزمەت ئورنىدا، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ياخشى رەھبەرلىك سەنئىتى، دادىل ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارى ئارقىلىق، جامائەتنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

كامال تۇرۇپ 1988 - يىلى 4 - ئايدا، مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى»غا قاتنىشىپ، پايتەختىمىز بېيجىڭدا تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپى 1992 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «نەمۇنىچى ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەشتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

يولداش كامال تۇرۇپ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا قارىماققا ئەنە شۇنداق ئاددىي، ئەمما مەڭگۈ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان تۆھپىلەرنى ياراتتى. پارتىيىنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر بولغان بۈگۈنكى كۈندە، كامال تۇرۇپقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئەنە شۇنداق مۇشەققەتلىك ھەم شەرەپلىك خىزمەتكە بېغىشلىغان كىشى مەڭگۈ خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

يەنمۇ كامال تاپ، كامال ئاكا.

## مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىشان

ماھىر

ئامېرىكىلىق پولات پادىشاھى كارنىگىنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار: «ھەممە تۇخۇمىڭىزنى بىر سېۋەتكە سېلىڭ، ئاندىن سېۋىتىڭىزگە ئوبدان قاراڭ، بىرەر تۇخۇمىڭىزمۇ چۈشۈرۈپ قويماڭ» بۇ ھېكمەتنىڭ مەنىسى، ئۆز خىزمىتىڭىزنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار بىلەن زېھنىڭىزنى چاچماڭ دېمەكتۇر. كارنىگىنىڭ يىراقنى كۆزلەيدىغان مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس، ئۇنىڭ قارىشىچە، كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئەگەر بىر ئىش بىلەن تۇتۇشسا ۋە پۈتۈن زېھنىنى مۇشۇ ئىشقا بېغىشلىيالىسا، ئۇ چوقۇم بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيدۇ.

مەن ئۆز كەسپىمدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغان بىرەر يۈزگە يېقىن شەخسلەرنىڭ سودا پەلسەپىسى قارىشىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ چىققاندىن كېيىن، مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى سەزدىم: ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەقسىتى ئېنىق بولۇش ۋە ئىشقا كەسكىن بولۇشتەك ئارتۇقچىلىق بار ئىكەن.

ئىسلاھات دولقۇنى كىشىلەرنى بازارغا يۈزلەندۈردى، كىشىلەرنىڭ تاۋار ئېڭىنى كۈچەيتتى، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى ئاچا يول ئاغزىدا كېلىپ قالغاندەك، گاڭگىراپ قەيەرگە مېڭىشىنى ئۇقالماي قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىزمۇ مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسىڭىز مېنىڭ مەسلىھەتىم، سىزنىڭ قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىزدە بىر ئېنىق نىشان بولسۇن، بۇ نىشانىڭىز سىزنىڭ تېزدىن قارار چىقىرىشىڭىزغا شۇنداقلا خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا زور ياردىمى بار.

ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى تېز ھەم كەسكىن قارار چىقىرالىغۇچىلاردۇر، ئۇلار خىزمەتتە ھامان زور ھەم ئالاھىدە نىشاننى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلىپ تۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېنىق نىشان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىماقتا

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا جەمئىي 49 مىللەت بولۇپ، ئاھالىسى 21 مىليون 600 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئېلىنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى، ئېۋېنكى ئاپتونوم خوشۇنى ۋە مولداۋا داغۇر ئاپتونوم خوشۇنى، 17 مىللىي يېزا قۇرۇلغان.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتەك باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون «ئاساسىي قانۇن» ۋە «ئاپتونومىيە قانۇنى» - دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 1980 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ماس كېلىدىغان 37 پەرلىك قانۇن ۋە 30 نەچچە ئالاھىدە سىياسەت تۈزۈپ، ھۆكۈمەتتىن 295 بەلگىلىمە چىقىرىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز رايونىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش (يايلاق، چارۋىلارنى ھۆددىگە بېرىش)، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار فاكجىن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۈرلۈك خىزمەتلەردە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، چېگرا رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا بولسۇن ياكى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا بولسۇن، ھەممىسىدە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى، ئىتتىپاقلىق قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئالغا سۈردى، تەرەققىيات قاتارلىق ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە باشقا

# بەدىئىي سۈرەتلەر



ئانىسىنىڭ بەرىكەتلىك قولى      ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى



ئانا - بالا      ئەن خۇا فوتوسى



قۇم ئارشاڭ      ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى



سېغىنىش      لى جيەنبو فوتوسى



ئانا　　ۋاڭ چۈنلياڭ فوتوسى



تاجىك قىزى　　ۋاڭ چېڭ فوتوسى



يايلاقنىڭ يېڭى قىياپىتى　　تەن مىڭجىڭ فوتوسى



يۈرەك سۆزى　　فان مىڭخۋا فوتوسى



توي يۆتكەش　　فان مىڭخۋا فوتوسى

شىنجاڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇيۇشتۇرغان «بىزنىڭ يۇرتىمىز» ناملىق فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىدىن تاللانمىلار.



پوشكال — جاڭ ئەنشى فوتوسى



ئۈزۈم پىشتى — ياڭ يۈگلى فوتوسى



گىرىم — جاڭ يوڭ فوتوسى











قاينام جاپپار

ھۆسن خەتلىرىدىن

تاللانمىلار



تۇرلۇك مۇھىم يىغىنلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى خىزمىتى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ھەممىسى تونۇغان ۋە ئورتاق باشقۇرىدىغان ياخشى كەيپىيات ۋە ياخشى خىزمەت مۇھىتى شەكىللەندى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى قەتئىي بوشاشماي، ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئاممىسىنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ھەققىدە تەشۋىق ۋە تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى پىلانلىق ھالدا مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدىلا تەربىيىلەنگەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار 4000 ئادەم - قېتىمدىن ئاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر» قاتارلىق ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 100 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ سىستېمىلىق ئۆگەندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 90 مىڭدىن ئارتۇق كادىر مۇنتىزىملاشقان پېداگوگىكا ئىمتىھانىدىن ئۆتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە 19 ئالىي مەكتەپ، 100 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ ئاساس دەرسلىكلىرىگە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى دەرسى كىرگۈزۈلدى. 2000 دىن ئارتۇق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي دەرسلىكىگە بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر «بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان ئىدىيىنى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە تەربىيىنى كۈچەيتتى. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرى تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتتى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئاخبارات مۇسابىقىسى» ۋە «ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان ئىچكى موڭغۇل» دېگەن تېمىدىكى مىللىي رايونلار ئەھۋالى، مىللەتلەرگە دائىر بىلىملەر بويىچە تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. گېزىتلەردە يەنە «ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات، ئورتاق گۈللىنىش» قاتارلىق مەخسۇس ستونلار ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىياتىغا دائىر تەشۋىقات جانلىق ۋە تەسىرلىك ئېلىپ بېرىلدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش ۋە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ كەلدى. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىدە ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئىچىدىكى نامراتلارنى يۆلەشنى ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي بۇسۇش نىشانى قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكا ئارقىلىق تەربىيىلەشنى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تۈرى قىلىپ ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىگە بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان زاپاس مەبلەغ يىلىغا 40 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇلۇپ كەلدى. جىمىنىڭ ئايمىقى

ئايماق، خوشۇن مالىيەسىدىن 3 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئامما ئارىسىدا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ - ياتاقلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە سېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شىگەن ئايمىقى توپلىغان مەبلىغىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا نۇقتىلىق ئىشلەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېمىش ئايمىقىنىڭ ئايماقلىق، خوشۇنلۇق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە توك ھاسىل قىلىپ بېرىپ، قۇدۇق كولاپ بېرىپ ۋە چارۋا ماللىرىنى سېتىشىپ بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى. ۋۇمىڭ ئايمىقى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئېلىپ باردى. شىمىڭ ئايمىقى ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئائىلىلىرىنى كۆچمە چارۋا پادىلىرى ئارقىلىق يۆلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتتى. جايلار مۇشۇنداق ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بۇ جەھەتتە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 1983 - يىلى ئېچىلدى. 1984 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ھەر يىلى 9 - ئاي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتى ئېيى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ يىل 9 - پائالىيەت ئېيىغا قەدەم قويۇپ، تەقدىرلەش پائالىيىتى دائىملىشىش، تۈزۈملىشىش، ئىلمىيلىشىش ۋە كۆپ خىللىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى.

جايلار ئاساسىي قاتلامنى، كىچىك تىپلارنى، مەنىۋى ئىلھامنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل تەقدىرلەش شەكىللىرىنى ئىجاد قىلدى. مۇشۇ ئاساستا 1988 - يىلى ۋە 1990 - يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككى قېتىم تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. جەمئىي 1431 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 68 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس 1988 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. 1990 - يىلى يەنە 142 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايوندا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

(ئابدۇرېھىم ئاق. ت)

## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپىنى كىم

قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئاز ئەمەس، لېكىن ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئادەم كىم؟ كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى خىلمۇ خىل. بەزىلەر 207 يىل ياشىغان ئەنگىلىيىلىك پامۇ كائىن بىلەن 242 يىل ياشىغان ياپونىيىلىك مەن پىگنى دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 290 يىل ياشىغان راھىب دەيدۇ. ھالبۇكى فۇجيەننىڭ «يۇڭتەي ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە قەيت قىلىنىشىچە چېن جۈن 443 يىل (881 — 1324) ياشىغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىدا تۇغۇلۇپ، سۇڭ سۇلالىسىنى باشتىن كەچۈرۈپ مىڭ سۇلالىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. قارىغاندا دۇنيادا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپىنى دەل شۇ بولسا كېرەك.

پەرھات. ت

# تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن - تېخنىكا ئىشلىرى

شې جوگۇەن

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان جانلىق كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۈچ قاتلام بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى قاتلىمى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلەنگەن پەن - تېخنىكا ئۈنۈملۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانى، «ئۇچقۇن پىلانى»ۋە نەتىجىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى؛ ئىككىنچى قاتلىمى، ئالىي تېخنىكا ۋە يېڭى تېخنىكىنى سانائەتلەشتۈرىدىغان «مەشئەل پىلانى» ۋە دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكىنى قوغلىشىشنى نىشان قىلغان «863 - پىلان»؛ ئۈچىنچى قاتلىمى، ئاساس نەزەرىيە تەتقىقاتى. بۇنىڭدىن باشقا، خەلق باشقۇرغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىدا دۆلەت، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى، يەككە تىجارەت ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن ئىبارەت كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يېڭى ھالەت شەكىللەندى. ئىسلاھاتنىڭ يۇقىرى دولقۇنىدا بارلىققا كەلگەن خەلق باشقۇرغان تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ، ئۆزىنىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ئىگىلىك باشقۇرۇپ، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، زور ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلدى.

ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىدىن 277 سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزدىكى مىنىستىرلىكلەرگە قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 15، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 36، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك پەن - تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 93، خوشۇن، ناھىيە دەرىجىلىك پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 17، ئالىي مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان پەن - تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 48. ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە تۈرلۈك خەلق باشقۇرغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىن 68 ى بار. تۈرلىرى تولۇق، كەسىپلەر يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ بولدى. بۇ پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر 21 مىڭ 382 كىشى، ئاز سانلىق مىللەت ئالىملىرى ۋە ئىنژېنېرلاردىن 110 كىشى، موڭغۇل ئالىم ۋە ئىنژېنېرلاردىن 784 كىشى بار.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا سېپىدە ئىختىساسلىق خادىملار ئۈزلۈكسىز يېتىشىپ چىقىپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلدى. مەملىكەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنىدىن بۇيانقى نەتىجىلەرنىلا ستاتىستىكا قىلغاندا، پەن تەتقىقات نەتىجىسىگە ئېرىشكىنى 5700 تۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن مۇكاپاتىغا، ئۈچ تۈر دۆلەت كەشپىيات مۇكاپاتىغا، 15 تۈر دۆلەت پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، ئالتە تۈر دۆلەت ئۇچقۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بىئولوگىيە قۇرۇلۇش ساھەسىدە موڭغۇل مال دوختۇرلۇق دوكتورى، ئىچكى موڭغۇل داشۆنىڭ پروفېسسورى شۈرىگەن 1984 - يىلى ياپونىيىدە سەپداشلىرى بىلەن بىللە دۇنيا بويىچە تۇنجى «ئىروبىركا ئوغلىقى» تۆرەلمىسىنى يېتىلدۈرۈپ نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، 1989 - يىلى يەنە دۆلىتىمىز بويىچە تۇنجى «ئىروبىركا قوزىسى» تۆرەلمىسى ۋە تۇنجى تۈركۈم «ئىروبىركا مۇزايلىرى» نى يېتىلدۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېنېرگىيىسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر. ھازىر توك يوق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 100 مىڭ چارۋىچى ئائىلىسى ئېلېكتر چىرىغى ياقىدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى، بەزىلەر يەنە توكنى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغىمۇ ئىشلەتتى.

# ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە

1991 - يىلى يىل ئاخىرىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايوندا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 153 مىڭ 990 نەپەرگە يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 22.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، 1950 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 21.5 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل كادىرلار 127 مىڭ 410 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 18.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى يەنە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى موڭغۇل كادىرلاردىن بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تەخمىنەن 45 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە خوشۇن، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1/3 دىن يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. 1950 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، شەھەر (نازارەت، ئىدارە)، خوشۇن، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالتە ھەسسە، بەش ھەسسە ۋە 19 ھەسسە ئاشتى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا كادىرلىرى بەك ئاز ئىدى. 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا كادىرلىرى 105 مىڭ 487 كىشىگە يېتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 68.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملار 79 مىڭ 29 كىشىگە يېتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 51.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش خىلدىكى كادىرلارنىڭ 20.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 3076 كىشى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن خادىملارنىڭ 21.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدۇ؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلار 20 مىڭ 793 كىشى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن خادىملارنىڭ 19.90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يۇقىرىقى كەسپىي تېخنىكا خادىملار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى يەنە ئايال كادىرلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرى 56 مىڭ 485 كىشىگە يېتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 25.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

# «ئۇقتۇرۇش» — ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى يېڭى قەدەم

خۇاڭ جۇڭسەي

1984 - يىلى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، گوۋۇيۈەن ۋە ئالاقىدار تارماقلار مالىيە، باج، قەرز پۇل، تاشقى ئىقتىساد، مىللىي سودا، چېگرا سودىسى، چارۋىچىلىق رايونلىرى قۇرۇلۇشى ۋە نامرات رايونلارنى يۆلەش - ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللىي رايونلارغا ياردەم بېرىدىغان بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، نۇرغۇن جايلار ئاپتونومىيە نىزامى ياكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان يەككە قانۇن - نىزاملارنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. بۇلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك يۈرۈشلەشكەن قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن پايدىلىق مۇھىت ۋە شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىشىغىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بۇ «ئۇقتۇرۇش» 1989 - يىلىدىن 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئون نەچچە قېتىم تۈزىتىلدى، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن تولۇق كېڭەشىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارغا نىسبەتەن، نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك، شۇنداقلا ھەل قىلىش مۇمكىن بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قانچە بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«ئۇقتۇرۇش»نى ئۆگىنىش، تەدبىقلاشتا ھېس قىلىشىمچە، بۇنىڭدا بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇنداق بىر قانچە مەزمۇن بار:

دۆلەت مىللىي رايونلاردىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىدۇ. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، بىراق ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ بولماقتا، بەلكى بۇ پەرق زور كۆپ ساندىكى مىللىي رايونلاردا يەنىلا كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىغىلا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىمۇ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىگىلا توغرا كېلىدۇ، ئېلىمىزدىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مىللىي رايونلاردا.

مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي

رايونلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇقتۇرۇش»تا بەش ئاپتونوم رايوننىڭ «8 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە مەملىكەت بويىچە مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى «6 - بەش يىللىق» ۋە «7 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئەمەلىي سەۋىيىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەي ۋە باشقا ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ مۇشۇ چارىدىن پايدىلانسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بەش ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ «6 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغىنىڭ مەملىكەت بويىچە مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 7.17 پىرسەنت بولغان بولسا، «7 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە 6.61 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، «7 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكىسىنى «6 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرساق، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 130 پىرسەنت ئاشقان بولسا، بەش ئاپتونوم رايوننىڭ 112 پىرسەنت ئاشقان بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيىسىدىن 18 پىرسەنت تۆۋەن بولدى. «ئۇقتۇرۇش»تىكى بەلگىلىمە بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە ھېسابلاپ كۆرگەندە، ئەگەر بەش ئاپتونوم رايونغا سېلىنىدىغان مەبلەغ نىسبىتى «8 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە «6 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدىغان بولسا، بەش ئاپتونوم رايون ئۈچۈنلا 1 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ كۆپەيتىلگەن بولىدۇ، ئەگەر «ئۇقتۇرۇش» تىكى «6 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئەمەلىي سەۋىيىدىن بىر پىرسەنت يۇقىرى بولۇش دېگەن بەلگىلىمە بويىچە ھېسابلىساق، 2 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ كۆپەيتىلگەن بولىدۇ.

دۆلەت مالىيەسىدىن مىللىي رايونلارغا بېرىلىدىغان مەخسۇس يۆلەش مەبلىغى كۆپەيتىلىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، مالىيەدىن بېرىلىدىغان نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان جايلارغا بېرىلىدىغان تەرەققىيات مەبلىغى، چېگرا قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى، مىللىي رايونلار قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى، ئاز سانلىق مىللەت نامرات رايونلىرىنىڭ كىيىمىنى پۈتۈن، ئوزۇقىنى يېتەرلىك قىلىش فوندى، مىللىي مائارىپقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىق تۈرگۈن يۆلەش مەبلەغلىرى تەسىس قىلىندى. دەسلەپكى قەدەمدە ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1980 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە دۆلەت ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، نىڭشيا، گۇاڭشى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلىرىغا ۋە كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە بەرگەن تۈرلۈك يۆلەش مەبلىغى 100 مىليارد يۈەندىن ئاشقان. لېكىن، مىللىي رايونلارنىڭ مالىيە كۈچىدە قىيىنچىلىق يەنىلا ناھايىتى ئېغىر. 600 دىن ئارتۇق ناھىيە ئىچىدە مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ كىرىمى چىقىمىنى قامدىيالمايدۇ، ئۇلار دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. مالىيە جەھەتتە ئۆز ئۆزىنى قامداش نىسبىتى ئاران 50 پىرسەنت ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، مەبلەغ ئىنتايىن قىس بولىۋاتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق بەلگىلەندى: كۆپ يىللاردىن بۇيان مەركەزنىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان جايلارغا ياردەم بېرىش تەرەققىيات مەبلىغى» «8 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە ھازىرقى ھەر يىلدىكى 800 مىليون يۈەندىن

1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىلدى، 1991 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە پرىنسىپ جەھەتتە ھەر يىلى يېڭىدىن 60 مىليون يۈەن كۆپەيتىلدى، كۆپەيتىلگەن بۇ مەبلەغ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. دېمەك دۆلەتتىن مىللىي رايونلارغا بېرىلىدىغان يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى «8 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە 900 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. مەركەزنىڭ مالىيەسىدە غايەت زور قىزىل رەقەم كۆرۈلۈۋاتقان قىيىن ئەھۋالدا، دۆلەت يەنە يۇقىرىدىكى مەبلەغنى ئاجرىتىپ مىللىي رايونلارغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، گوۋۇيۈەن بۇ جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللىي رايونلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى ۋە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مىللىي رايونلاردا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەر يولغا قويۇلىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت سىياسەت تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشتە مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىپ كەلدى، بۇ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئاساسەن مىللىي رايونلارغا دائىر سىياسەت تەدبىرلىرىنى قايتىدىن تۈزدى ياكى تۈزۈپ چىقتى. «ئۇقتۇرۇش»تا يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش جەھەتتە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈنۈمى كۆرۈلگەن سىياسەتلەر، مەسىلەن ئالايلى، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان جايلار مىللىي رايونلارنىڭ خىزمىتىگە سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش؛ مىللىي رايونلاردىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش؛ چېگرا سودىسىنى پائال قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار رەسمىي قانۇن - نىزام قاتارىغا كىرگۈزۈلدى؛ مىللىي نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ كىيىمنى پۈتۈن، ئوزۇقنى يېتەرلىك قىلىشنى «8 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش، «9 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە تولۇق ھەل قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ دۆلەت پەن - تېخنىكا خىراجىتى ۋە «ئۈچقۇن پىلانى»، «مول ھوسۇل پىلانى»دا مىللىي رايونلارغا داۋاملىق ئېتىبار بېرىشنى بەلگىلىدى، ۋەھاكازالار. بۇنىڭدىن باشقا، «ئۇقتۇرۇش»تا يەنە بەزى يېڭى سىياسەتلەر بەلگىلەندى: (1) دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك بانكىلىرى مىللىي رايونلارغا بېرىدىغان قەرزنىڭ كۆلىمىنى بېكىتىشتە، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىپ بېرىش سۈرئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مىللىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش. (2) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارغا بېرىلىدىغان كىيىمنى پۈتۈن، ئوزۇقنى يېتەرلىك قىلىش فوندىنى ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ مۇۋاپىق ھالدا ئاشۇرۇپ بېرىش. (3) مىللىي رايونلاردا تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، تاشقى پېرېۋوت جەھەتتە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلارغا، دۆلەت ھەر يىلى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش. (4) دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي رايونلارنىڭ ئوتتۇرا - ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلانى ۋە يىللىق پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىش ۋە باشقىلار.

مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقىي تۈردە ئىلگىرى سۈرۈلدى. «ئۇقتۇرۇش»تا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، مىللىي كادىرلار قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى: «8 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە دۆلەت چېگرادىكى مىللىي رايونلاردا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش، تارقىتىش كۆچى كىچىك بولۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا ئاڭلىتىش ۋاقتى قىسقا بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىدۇ؛ ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت سارىيى، كۇتۇپخانا بولۇش، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى ھەقىقىي تۈردە مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە كېڭەيتىلىدۇ؛ ناھىيە، يېزا، كەنت داۋالاش - ساقلىق ساقلاش تورى قۇرۇلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ؛ مائارىپ جەھەتتە مىللىي مائارىپقا دائىر بەزى سىياسەتلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن سىرت، دۆلەت تەسىس قىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا ياردەم بېرىلىدىغان مەخسۇس پۇل» ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە مالىيە ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ مۇۋاپىق ئاشۇرۇلىدۇ؛ مىللىي كادىرلار جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتى شۇ مىللەت نوپۇسىنىڭ شۇ جايدىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇش پرىنسىپى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن سىرت، يەنە ئاز سانلىق مىللەت مەسئۇل كادىرلىرىنى پاتال سەپلەش ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ بىر قانچە بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

قىسقىسى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئۇقتۇرۇش»ى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا قوللانغان مۇقەررەر قەدەم باسقۇچى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يەنە بىر نەتىجىسى. ئۇ، مىللىي رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغۇسى.

(مەمەت تۇرسۇن. ت)

(بېشى 17 - بەتتە)

نەپىس ئىشلىنىپ بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ زەت - رېتى بىلەن مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازارنىڭ ئالدىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىگە بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ ئايەت پۈتۈلگەن كاھىش، ئىككى تەرىپىگە تۇغلۇق تۇمۇرخاننى مەدھىيىلەيدىغان بېغىشلىما پۈتۈلگەن كاھىش، مازارنىڭ ئىشكى ئۈستىدىكى دېرىزىنىڭ ئەتراپىغا ئەرەبچە «اللہ» خېتى چۈشۈرۈلگەن كاھىش چاپلانغان، 600 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بۇ مازار ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلىرى جەھەتتە قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار 1959 - يىلى يارغۇل قەدىمكى شەھىرىدىكى بىر بۇتخانا خارابىلىقىدىن ئاق سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت گۈللۈك كاھىشلارنى تاپقان. بۇ كاھىشلارنىڭ بىر تەرىپىگە نىلۇپەر گۈلىنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا گوچۇك ناھىيىسىدىكى تاش شەھەر خارابىلىقىدىنمۇ خەن دەۋرىگە ئائىت بۇلۇت نۇسخىلىق دۈگىلەك كاھىش تاپقان. دېمەك مىڭ يىلدىن ئارتۇق بۇ قەدىمكى كاھىشلار، كاھىشنىڭ — ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئەڭ قەدىمكى زىننەتلەش ۋاستىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.



# قەدىمكى خوتەن پىلىچىلىكى

جاپپار رەھىمى

بىز قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ كېلىۋاتقان «يىپەك يولى». نىڭ نامىنى زىكرى قىلغىنىمىزدا، شەرقتىن غەربكە تۇتىشىدىغان بىپايان ياۋروپا — ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا جۈملىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ، كۆككارت ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ۋاخان جىلغىلىرىدا، بەلخ كوچىلىرىدا، سەمەرقەنت، بۇخارا، موسۇپوتامىيە قاتارلىق شەھەرلەردە، ئوتتۇرا دېڭىز ساھىللىرىدە رىمنى نىشان قىلىپ كېتىۋاتقان قەدىمكى يىپەك سودا كارۋانلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

«يىپەك يولى» — قەدىمكى «قاشتېشى يولى»نىڭ 2000 يىللاردىن كېيىن ئاتالغان نامىدۇر. «تاغ - دەريالار قامۇسى» قاتارلىق قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا: «قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ياساش جۇڭگودا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ئەۋج ئالغان، (كۈئىنلۈن قاشتېشى) كۈئىنلۈن تېغى ئېتىكىدىكى يۇدون (خوتەن) ئەتراپىدىن چىقىدىغان قاشتېشى بولۇپ، ئۇ ياۋچىلار (قاراشەھەر، كۇچادىكى توخار قەۋمى) تەرىپىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىلغان» دەپ قەيت قىلىنغان. دەرۋەقە سىلىقلاپ ئىشلەنگەن نەپىس قاشتېشى بۇيۇملىرى خوتەننىڭ ئىپتىدائىي ھۈنەر سەنئىتى بولۇپ، ئۇ غەرب ئەللىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن قاشتېشى توشۇلىدىغان ئىپتىدائىي يوللار ئارقىلىق بارا - بارا گىلەم، يىپەكلەر توشۇلىدىغان مەشھۇر «يىپەك يولى» شەكىللەنگەن. «يىپەك يولى»نىڭ باشلىنىش تارىخىي ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ ئۇنىڭ نامىنى يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن گېرمانىيىلىك مەشھۇر گېئوگراف رىچتخوفېن (1833 — 1905) غەربىي دىياردا يىپەك توشۇپ يۈرگەن كارۋانلار بېسىپ ئۆتكەن يولغا قارىتىپ «يىپەك يولى» دەپ ئاتىغان. كېيىن شۋېتسىيە ساياھەتچىسى سىۋېنھېدىن (1865 — 1952)، ئەنگلىيىلىك ستېين (1862 — 1943) ۋە باشقا كىشىلەر ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ «يىپەك يولى»نىڭ جۇڭگودىن غەربىي دىياردىكى بوستانلىق ۋادىلارغا سوزۇلغان ئىران ئېگىزلىكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئىراقتىن سۈرىيىگە بېرىپ ئاندىن دېڭىز يولى ياكى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق رىمغا بارىدىغان بارلىق سودا يوللىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرغان. ئۇنداقتا بىز زىكرى قىلىۋاتقان «يىپەك يولى» زادى قاچاندىن باشلاپ ئېچىلغان؟ يىپەك ئىشلەيدىغان پىلە ئەڭ دەسلەپ قايەردە راۋاجلاندۇرۇلغان؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزلىنىپ كۆرەيلى: مىلادىدىن بۇرۇن 1 - ئەسىردە ستىرابون ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە نامە» دېگەن ئەسىرىدە «يىپەك زىغىر تالاسىدىن ئىنچىكىلەپ ئىشلىنىدۇ» دېگەن قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ زامانىدىكى ۋىرگىلىئوس ئۆزىنىڭ «دېھقانچىلىق كۈيلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «يىپەك مەلۇم بىر خىل دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى تاراش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئىنچىكە يىپ» دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قىياسلار پىلىچىلىكنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىلا ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ «يىپەك يولى» ئارقىلىق غەربكە يېتىپ بارغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ

غەربىي قىسمەتلىك بۇيۇمنى كۆرۈپ نېمىدىن ئىشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە قىزىقىپ يۈگۈرۈشتە ئۇ قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادى 2 ـ ئەسىرگە كەلگەندە يۇنانلىق پوسانىئاس ئاندىن يىپەكنىڭ پىلە قۇرتىدىن چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئەنە شۇ بىراق دەۋرىدىكى رىم ئاقسۆ ـ ڭەكلىرى كېيگەندە تەنگە راھەت بەخش ئېتىدىغان سىلىق ھەم گۈزەل يىپەك رەختلەرگە ئىنتايىن قىزىقتى ھەتتا ئۇلارنىڭ يىپەك رەخلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى ئالتۇنغا تېگىشكەنلىكى ھەققىدە راۋايەتلەر ساقلانماقتا.

يىپەك ئەرەب تىلىدا «خالىر»، پارس تىلىدا «گارس» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئېنىقلانغان مەلۇمات يوق. ئەينى زاماندا غەرب ئەل خەلقلىرى يىپەكنى «سىلك» يىپەك ئىشلىگۈچىلەرنى «سېرىس»لار دەپ ئاتىدى. بىراق بۇ سۆزلەرنىڭمۇ مەنىسى، تەتقىقات تېمىسى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىپەك» دېگەن بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىپ» دېگەن سۆزنىڭ تۈرلىنىشىدىن كەلگەنلىكىدە شۈبھە يوق. قەدىمكى سانسكرىت تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان «مايتىرسىمىت» داستانىنىڭ 3 ـ بۆلۈم 4 ـ ۋارىقىدا مۇنداق بىر جۈملە بار: «... پىتنى قىز ئىنجە تىپ تېبدى: بۇ ئۆزى تارىمىس كەپەزى ئۆزە يىپ ئىگرىپ بۆز توقىمىس ئەرور ...» بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا: «پاتنى قىز مۇنداق دېدى: ئۆزى تېرىغان پاختا بىلەن يىپ ئىگىرىپ بۆز توقىدى ...» بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يىپ دەپ ئاتالغان سۆز ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قىلچە ئۆزگىرىشسىز يىپ دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن قارىغاندا يىپەك ئەمەلىيەتتە يىپ ھالىتىدىكى تال ـ تال نەرسە بولغاچقا، يىپەكنىڭ يىپ دېگەن سۆزدىن 1200 يىللار ئىلگىرى ئۆزگەرگەن ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس.

پىلە دەسلەپ نەدىن چىققان دېگەن مەسىلە ئېنىقلانمىغانلىقى ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرىنى چاڭگەندىن باشلانغان «يىپەك يولى» ۋە قىسمەن رىۋايەت تەبىرلىرى بىلەنلا چەكلەپ كەلمەكتە. مەسىلەن: 1905 ـ يىلى ئېكىسپېدىتسىيىچى سىتېيىن خوتەنگە 96 كىلومېتىر كېلىدىغان دەندان ـــ ئۆيلىك خارابىسىدىن شۇەنزاڭ قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان «پىلىچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشى ھەققىدە رىۋايەت» خاتىرىلەنگەن بىر پارچە بېغىشلىما تاختىسى تېپىۋالغان. بۇ رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قەدىمدە خوتەندە پىلە يوق چاغدا خوتەن پادىشاھى چىن خاقانىغا مۇراجىئەت قىلىپ؛ پىلە ئۇرۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ بىراق ئۇنى خاقان رەت قىلىپ ئۆتكەللەرنى چىڭ توسۇپ پىلە ئۇرۇقىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشىنى مەنئى قىلغان. مىلادى 460 ـ يىلى يەنى بۇنىڭدىن 1530 يىل ئىلگىرى خوتەن پادىشاھى بىر تەدبىر ئويلاپ چىقىپ ئۆزىگە ياتلىق قىلىنغان چىن خانىشىگە پىلە ئۇرۇقىنى چېچىغا تۈگۈچلەپ يوشۇرۇن ئېلىپ چىقىشنى تاپشۇرغان، شۇنىڭ بىلەن خوتەندە پىلىچىلىك ئەۋج ئالغان» يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇنىڭ ئەكسىچە خوتەن پادىشاھىنىڭ خانىشى پىلە ئۇرۇقىنى خوتەندىن ھىلقى ئۇسۇل بىلەن ئىچكىرىگە ئاپىرىپ كېڭەيتكەن دېيىلگەن.

پىلىچىلىكنىڭ غەربىي ئەللەرگە تارقىلىشى ھەققىدە شەرقىي رىم تارىخشۇناسلىرى مۇنداق دەيدىكەن: پادىشاھ يۇستىنىيان مىلادى 550 ـ يىلى يەنى بۇنىڭدىن 1450 يىل بۇرۇن سىرىنداندىن (شىنجاڭ ئەتراپىدىن) قايتىپ كەلگەن خىرىستىيان مۇناخىدىن پىلە ئۇرۇقىنى قولغا چۈشۈرۈش ھەققىدە ئاجايىپ تەكلىپنى ئاڭلىغان. بۇ مۇناخ ئىككى يىلدىن كېيىن دەرۋەقە پىلە ئۇرۇقىنى ھاسسا تاياقنىڭ مەخپىي تۆشۈكىگە يوشۇرۇپ شەرقىي رىم تەۋەسىگە ئېلىپ بېرىپ پىلىچىلىكنى كېڭەيتكەن.» مەيلى قانداق رىۋايەت بولسۇن خوتەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر بېكىتى. شۇنداقلا ئۇ دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يۇرتى.

# تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى

ۋەلى بارات

تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى ھازىرقى دۇنيادىكى بىردىنبىر كۆپ تەرەپلىك خەلقئارا سودا تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا بانكىسى بىلەن قوشۇلۇپ ھازىرقى دۇنيا ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلىسىدىكى ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كېلىشىمنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، جۇڭگو قاتارلىق 23 دۆلەت 1947 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جەنۋەدە ئىمزالىغان. بۇ كېلىشىم، شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودا سىياسىتى ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى كۆپ تەرەپلىك خەلقئارا كېلىشىم بولۇپ، 1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغان ھەمدە شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودا سىياسىتى، تەدبىرلىرىنى تەڭشەشتە ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر جەھەتتە مۇھىم قانۇن مىزانىغا ئايلانغان. ھازىر بۇ كېلىشىمگە قاتناشقانلار تەرەققىي قىلىپ 103 دۆلەت ۋە رايونغا يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەيۋەن دائىرىلىرى 1950 - يىلى 3 - ئايدا قانۇنسىز ھالدا كېلىشىمدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى، ئەمما يەنە «كۆزەتكۈچى»لىك ئورنىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. 1984 - يىلى، ئېلىمىز ئالاھىدە كۆزەتكۈچىلىك ئورنىغا ئىگە بولغان. 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلىمىز جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىدىكى شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى سۇنغان. 1987 - يىلى 2 - ئايدا «جۇڭگونىڭ تاشقى سودا تۈزۈمى ھەققىدىكى ئەسلەتمە»نى سۇندى. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلەر يىغىنى «جۇڭگونىڭ شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلىك ئورنى توغرىسىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى» قۇرۇشنى ھەمدە جۇڭگونىڭ شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى ۋە بايانىتىنامىسىنى تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشنى بىردەك ماقۇللىدى. ھازىر خىزمەت گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئېلىمىزنىڭ تاشقى سودا تۈزۈمى ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاپ، ماھىيەتلىك سۆھبەتلىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى تۆت قىسىم، 38 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا شەرتنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەرنىڭ ئۆز ئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە قائىدىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بازار ئىگىلىكىنى ئاساس، ئەركىن رىقابەتنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىش، تاۋارلار باھاسىنى بازارنىڭ تەمىنلەش - تەلەپ قىلىش مۇناسىۋىتى بەلگىلەش.

2. تاموژنا بېجىنى ئېكسپورت - ئىمپورتنى تەڭشەشنىڭ ئاساسلىق ۋاسىتىسى قىلىش، غەيرىي تاموژنا بېجى تەدبىرلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش.

3. كەمسىتمەسلىك پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ ئاساسلىقى شەرتسىز مەنپەئەتدار دۆلەتلىك مۇئامىلىسى ۋە پۇقرالار مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

4. سودا قورغىنىنى ئازايتىپ بېرىش پرىنسىپى. بۇ ئاساسلىقى، شەرتنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان تاموژنا بېجىنى كېمەيتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشتە گەۋدىلىنىدۇ.

5. مىقدار چەكلەشنى مەنئى قىلىش پرىنسىپى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىقدار چەكلەش مەنئى قىلىنىدۇ، بەزى مۇستەسنا ئەھۋالدا مىقدارنى چەكلەشكە يول قويۇلىدۇ. لېكىن بۇنداق چەكلەش كەمسىتمەسلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش شەرت.

6. ئادىل سودا پرىنسىپى. ئاساسلىقى تۆكمە

قىلىپ سېتىشقا ۋە ئىمپورت قوشۇمچە باردىمغا قارشى تۇرۇلدى.

7. شەرتنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر تۈزلىرىنىڭ تاموژنا بېجى ۋە باشقا باج پۇلغا دائىر، شۇنىڭدەك ئېكسپورت ئىمپورتقا ئالاقىدار قانۇن - نىزام، سىياسەتلەرنى تېزلىكتە ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش كېرەك.

8. سودا تالاش - تارتىش ئىشلىرىنى باش كېلىشىمدىكى تەرتىپ بويىچە ھەل قىلىش.

ئۇندىن باشقا يەنە بەزى مۇستەسنا ماددىلارمۇ بار. خەلقئارا كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى ھەققىدىكى مۇستەسنا، بىر دۆلەت خەلقئارا كىرىم - چىقىمدا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئىمپورتنى چەكلەشنى يولغا قويسا بولىدۇ، خەلقئارا كىرىم - چىقىم ياخشىلانغاندىن كېيىن، چەكلەشنى بىكار قىلىۋېتىش كېرەك؛ كاپالەتلەندۈرۈش ماددىلىرى، مەسىلەن، مەلۇم بىر كەسىپ ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ زور مىقداردا كۆپەيگەنلىكتىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىسا ئىمپورتنى ۋاقىتلىق چەكلەشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ؛ تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى ۋە ئەركىن سودا رايونى ھەققىدىكى مۇستەسنا؛ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە قارىتا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش مۇئامىلىسى؛ بىخەتەرلىك ھەققىدىكى مۇستەسنا، مەسىلەن، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق تۈپەيلىدىن قورال - ياراغ، زەھەرلىك چېكىملىك بۇيۇملىرى، نەشر قىلىنغان سېرىق كىتاب - ژۇرنال قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمنىڭ ئاساسىي نىشانى كۆپ تەرەپلىك سودا سۆھبىتى ئارقىلىق، ئالاھىدە مەنپەئەتدار دۆلەتلىك مۇئامىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش بىلەن، تاموژنا بېجى ۋە باشقا سودا قورغانلىرىنى زور ھەجىمدە كېمەيتىپ، خەلقئارا سودىدىكى كەمسىتىش خاراكتېرلىك مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلقئارا سودا ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا...

باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقىنىڭىزدا چوقۇم پاراڭلىشىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك، بولمىسا كىشىلەرنى كۆڭۈلسىزلەندۈرۈپ قويىسىز.

1. باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتمەڭ ۋە گەپكە قوشۇق سالماڭ.

2. باشقىلارنىڭ گېپىنى توختىتىپ قويماسلىق ۋە گېپىنى قايتا دېگۈزمەسلىك ئۈچۈن، دىققىتىڭىزنى باشقا يەرگە چېچىۋەتمەڭ.

3. باشقىلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئارقا - ئارقىدىن سوئال سوراۋەرمەڭ.

4. باشقىلارنىڭ سوئالىغا، ئەستايىدىل ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىڭ، خۇشياقمىغاندەك ھالەتتە تۇرماڭ.

5. ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىر ئىشقا يەكگەللىك بىلەن ھۆكۈم چىقارماڭ ۋە يۈزەكى چۈشەندۈرۈپ يۈرمەڭ.

6. ئىشلارنى سىرلاشتۇرۇپ، كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ قويماڭ.

7. ئاساسىي تېما بىلەن مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى دەپ، كىشىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماڭ.

8. كىشىلەرگە تولا زەربە بېرىپ، قارشى تەرەپ ۋە باشقا ئاڭلىغۇچىلارنى بىئاراملىققا سېلىپ قويماڭ.

9. باشقىلار مەلۇم تېما ئۈستىدە بولۇۋاتقان پاراڭنى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاۋاتقاندا گەپنىڭ بېلىگە تۇرۇۋەتمەڭ.

10. ئاياللار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇلارغا سۆز بېرىڭ، ئېھتىيات قىلىڭ، بىمەنە چاقچاقلارنى قىلماڭ.

11. ئۆنجى كۆرۈشكەن كىشى بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشماڭ.

12. پاراڭلاشقاندا ئۆزىڭىزنى تەبىئىي تۇتۇڭ، سالاھىيىتىڭىزگە يارىشا پاراڭ قىلىڭ، قول ھەرىكىتىڭىز لايىقىدا بولسۇن، كىلەڭسىز ھەرىكەتلەرنى قىلماڭ.

13. پاراڭلاشقاندا ئىككى ئادەمنىڭ ئارىلىقى مۇۋاپىق بولۇشى، بىر - بىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، شاپاللىشىپ كەتمەسلىك كېرەك. (ئەكبەر ئېلى ت)

# پاي چېكى دېگەن نېمە؟

شۆھرەت ئەخمەت

پاي چېكى — پاي - ھەسسىدارلىق شركىتى پايچىكلارغا تارقىتىپ بەرگەن پاي قوشقانلىقىنىڭ ۋە پاي ئۆسۈمى ئېلىشتا ئاساسلىنىدىغان ئىسپاتنامە. پاي چېكنىڭ ئادەتتىكى باشقا تاۋارلارغا ئوخشاش باھاسى بولىدۇ، پاي چېكنى ئېلىپ - سېتىشقا ۋە رەنگە قويۇشقا بولىدۇ. پاي - ھەسسىدارلىق شركىتى پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلايدۇ، مەبلەغ قوشقۇچىلار پاي چېكى سېتىۋېلىش ئارقىلىق بەلگىلىك پاي ئۆسۈمىگە ئېرىشىدۇ.

پاي چېكىگە پايچىكلار ئىسمىنىڭ يېزىلىش - يېزىلماسلىقىغا ئاساسەن ئىسىم يېزىلغان پاي چېكى ۋە ئىسىم يېزىلمىغان پاي چېكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، ئىسىم يېزىلىدىغان پاي چېكنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈش بەلگىلىك رەسمىيەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىسىم يېزىلمايدىغان پاي چېكنى ئەركىن ئېلىپ - سېتىشقا بولىدۇ. پاي چېكنىڭ پايدا تەخسىم قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن بەھرىمەن بولىدىغان پاي چېكى ۋە ئادەتتىكى پاي چېكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئالدى بىلەن بەھرىمەن بولىدىغان پاي چېكى ئالدىن بەلگىلەنگەن پايدا نىسبىتى بويىچە ئالدى بىلەن مۇقىم پاي ئۆسۈمىگە ئېرىشىدۇ. ئادەتتىكى پاي چېكنىڭ پاي چېكى ئۆسۈمى كارخانىلارنىڭ ئاۋات ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا ئاساسەن ھوقۇقسىز پاي چېكى ۋە كۆپ ھوقۇقلۇق پاي چېكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. پاي چېكىگە قىممەت سوممىسىنىڭ يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقىغا ئاساسەن قىممىتى يېزىلغان پاي چېكى ۋە قىممىتى يېزىلمىغان پاي چېكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. پاي چېكنىڭ تارقىتىلىش ۋە ئۆتۈنۈش شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن چەك تارقىتىلغان پاي چېكى ۋە چەك تارقىتىلمىغان پاي چېكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

پاي چېكنىڭ ئۆلۈك يۈزىگە يېزىلىدىغان مەزمۇنلار قانۇنى بەلگىلىنىدۇ، ئادەتتە پاي چېكنىڭ ئۆلۈك يۈزىگە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئەسكەرتىلىشى كېرەك: پاي چېكى تارقاتقان شركەتنىڭ ئىسمى، ھەر بىر پاي چېكنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان پاي سانى، پاي چېكنى تىزىملاشقا مەسئۇل بولغان ئىناۋەتلىك ھاۋالە قىلىش شركىتىنىڭ ئىسمى، ھەر بىر پاينىڭ سوممىسى، مۇدىرىيەت كومىتېتىدىكى ئاساسلىق ئۈچ ئەزانىڭ ئىمزاسى، مەسئۇل ئورگاننىڭ پاي چېكى تارقىتىشنى تىزىملىغان ئورگاننىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئىمزاسى، شركەتنىڭ تەسىس قىلىنغان ۋاقتى ۋە پاي چېكنىڭ تارقىتىلغان يىل، ئاي، كۈنى، ئەگەر ئىسىم يېزىلىدىغان پاي چېكى بولسا ئۇنىڭغا يەنە پايچىكنىڭ ئىسمى يېزىلىشى كېرەك. ئەگەر ئىسىم يېزىلىدىغان پاي چېكى بىر ئادەمگە تەئەللۇق بولسا شۇ ئادەمنىڭ ئىسمى يېزىلىشى كېرەك، ئەگەر ئىسىم يېزىلىدىغان پاي چېكنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى مەلۇم قانۇنى ئىگىگە تەئەللۇق بولسا قانۇنى ئىگىگە بولغان شۇ كارخانا ياكى شركەتنىڭ ئىسمى يېزىلىشى كېرەك. قانۇنى ئىگىنىڭ ۋەكىلى بولغان شەخسلەرنىڭ ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر پاي چېكنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا تەئەللۇق بولسا شۇ تارماقنىڭ ئىسمى يېزىلىشى كېرەك.

پاي چېكنىڭ كەينى يۈزىگە پاي چېكى ئىگىللىرى پاي چېكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈشتە پايدىلىنىدىغان گىرافا بېسىلىدۇ، گىرافنىڭ بىر قىسىم كاتەكچىسى پاي چېكنى ئۆتۈنگەندە ئىمزا قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. پاي چېكى ئىگىسى پاي ھوقۇقىنى ئۆتۈنمەكچى بولغاندا چوقۇم بۇ گىرافنى تولدۇرۇشى كېرەك. ئۆتۈنگۈچى كىشى ئۆز ئىسمىنى گىرافقا تولدۇرۇپلا قالماي ئۆتۈنۈپ ئالغۇچى كىشىمۇ ئۆز ئىسمىنى، باج نومۇرىنى ۋە ئادرېسىنى گىرافقا تولدۇرۇشى كېرەك. پاي چېكنى ئۆتۈنگۈچى كىشىنىڭ ئىمزاسى پاي چېكى ئىگىسىنىڭ

ئەسلىدىكى ئىمزاسى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. باشقا كىشى ۋەكالىتەن ئىمزا قويسا بولمايدۇ. ئىمزا قويۇشقا بىر سودا بانكىسى ياكى مەبلەغ سېلىش ئىناۋەتلىك ھاۋالە شىركىتى ياكى ھېساب ئاغدۇرۇش ئاپپاراتى بەلگىلىگەن ئاكسىيە سودا ئورنىغا ئەزا شىركەت گۇۋاھ بولۇشى كېرەك.

پاي چېكىنىڭ تارقىتىلىشى پاي قوشۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. پاي چېكى پايچىكلار ھوقۇقىنىڭ ئىسپاتى لېكىن پاي چېكى پايچىكلارغا ھوقۇق ياراتمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇچۇن پاي چېكى ھوقۇق تەسسىلەش ئاكسىيە بولماستىن، ئەسلىدە بار بولغان پاي ھوقۇقىنى بىلدۈرىدىغان ئاكسىيە، پاي چېكى پايچىكلار ھوقۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. پايچىكلار ھوقۇقى پاي چېكىنى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە يۆتكىلىدۇ، پاي چېكى بىر خىل قىممەتلىك ئاكسىيە.

مەبلەغ سالغۇچىلار پاي قوشقاندىن كېيىن پاي قوشقانلىق گۇۋاھنامىگە يەنى پاي چېكىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر پاي چېكى يېڭى تارقىتىلغان پاي چېكى بولماي كونا پاي چېكى بولغان بولسا، بۇ پاي چېكىنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە سېتىپ ئالغان پاي سانى پاي ھېساباتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ پاي چېكىنى تىزىملاش دەپتىرىگە تىزىملىنىشى كېرەك. پاي چېكى سېتىلغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى پايچىكنىڭ ئىسمى ئۆچۈرۈلۈپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىدىن پاي قوشقانلىق گۇۋاھنامىسى پاي چېكىنى تىزىملاش ئاپپاراتىغا سۇنۇلۇپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن پاي چېكى يېڭى پايچىكنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

پاي چېكى مەبلەغ سالغۇچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بولۇپلا قالماستىن بەلكى پاي چېكى تارقاتقان شىركەت ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم. مەبلەغ سالغۇچىلار پاي چېكىگە ئاساسەن (ئادەتتىكى پاي چېكى) پايدىغا ئېرىشىدۇ ۋە شىركەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ئىگىلىگەن پاي چېكى سانى قانچە كۆپ بولسا پاي ھوقۇقىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. پاي چېكىنىڭ سودا ئەھۋالى شىركەتنىڭ ئىناۋىتىگە ۋە مەبلەغ جۇغلاش خىزمىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر پايچىكلار مەلۇم شىركەتنىڭ پاي چېكىنى ئاكسىيە سودا بازىرىدا بەس - بەستە سېتىۋالقان بولسا بۇ شىركەتنىڭ ئىناۋىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ مەبلەغ جۇغلاشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. ئەكسىچە بولسا ئىناۋىتى ئېشىپ مەبلەغ جۇغلاش سۈرئىتى تېزلىشىدۇ.

پاي چېكى بىر خىل ئالاھىدە تاۋار، پاي چېكى ئۆزىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، ئۇ پەقەتلا ھەقىقىي كاپىتالنىڭ «قەغەزدىن ياسالغان قوشۇمچە نۇسخىسى». لېكىن پاي چېكىنىڭ باھاسى بولىدۇ، ئۇنىڭ باھاسى كۆپ ھاللاردا چەك يۈزىدىكى قىممەت بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، دەل بۇ خىل ئوخشاشماسلىق پاي چېكى سودىسىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

---

## چوڭ مېڭىسى يوق ئەقىللىق ئادەم

1980 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئەنگلىيىنىڭ شېفىرىد داشۆسىدە نەتىجىسى ۋە زېھنى كۈچى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان بىر ئوقۇغۇچى بايقالغان، ئەجەپلىنەرلىكى، ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى يوق دېيەرلىك ئىكەن. دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا ئۇنىڭ بېشى كىچىكرەك، چوڭ مېڭە پوستىلىقى بىر مىللىمېتىر قېلىنلىقتا بولۇپ نورمال ئادەمنىڭكىنىڭ 45 دىن بىرىگە توغرا كېلىدىكەن. (نورمال ئادەملەرنىڭ چوڭ مېڭە پوستىلىقى تەخمىنەن 45 مىللىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ) چوڭ مېڭىنىڭ قېپى ئىچىدىكى باشقا قىسمى مېڭە قېتىقى بىلەن تولغان. ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئەقىل پاراسىتى چوڭ مېڭىنىڭ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى، «چوڭ مېڭىسى يوق دېيەرلىك بۇ ئىستېداتلىق ئوقۇغۇچى بايقالغاندىن كېيىن تېببىي ساھەسىدە ئالاقىدار تەتقىقات ۋە بەس - مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى.

پەرھات.ت

# ئادۋوكات بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى هازىرلاش كېرەك

دولقۇن ئابدۇرېھىم

«ئادۋوكاتلار توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇش تارىخى بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ئوقۇش تارىخى بولمىغانلار ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، چوقۇم تېلېۋىزىيە داشۆسى، سىرتتىن ئوقۇتۇش داشۆسى قاتارلىق ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى دىپلومنى ئېلىشى كېرەك.

«ئادۋوكاتلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى بەش يىل بولىدۇ» دېگەن گەپنىڭ قانۇنىي ئاساسى يوق. «ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، ئەمما ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان خادىملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»نىڭ 6 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، «ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ بەش يىل توشقاندىن كېيىن ئادۋوكاتلىق خىزمەت كىنىشكىسىنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغانلار بەش يىل ئىچىدە قانۇن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئەدلىيە نازارەت (ئىدارە)لىرى ئۇيۇشتۇرغان قانۇن ـ نىزاملاردىن ئېلىنغان يازما ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك». بۇ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن بەش يىل ئىچىدە ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى يېڭى قانۇنلار بىلەن تونۇشۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنىڭ ئۆزى يوقالمايدۇ ھەم كۈچتىن قالمايدۇ.

ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، لېكىن ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانمايۋاتقان خادىملارنىڭ قوشۇمچە ئادۋوكاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ـ ئۆتىمەسلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، «ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، ئەمما ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان خادىملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»نىڭ 5 ـ ماددىسىدا ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن: پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، كارخانا، مەمۇرىي ئورۇنلاردا ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملاردىن مەملىكەت بويىچە ئېلىنغان ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى توغرىسىدىكى بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پەقەت ئالىي دەرىجىلىك قانۇن ئىنستىتۇتلىرى، فاكۇلتېتلىرىدا قانۇن كەسپى بويىچە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭلا ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن قوشۇمچە ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش — ئادۋوكاتلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، ئۇ، دۆلىتىمىز ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. مەملىكەت بويىچە ئېلىنىدىغان ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى توغرىسىدىكى ئىمتىھان ئادەتتە ئىككى يىلدا بىر قېتىم بولىدۇ، ئورنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئېلىنىدىغان ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى توغرىسىدىكى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، لېكىن نۆۋەتتە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، كارخانا، مەمۇرىي ئورۇنلاردا ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنىڭ ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەسىلىسىدە، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كونكرېت بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىدۇ.

تەھرىر ئىلاۋىسى: بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، كېسەللىك ۋە سالامەتلىك مەسىلىسى كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولماقتا. كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنى بەزىبىر ساۋاتلاردىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل دوختۇرى يولداش ئەيسا ناسىرنىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

# يۈرەك سانجىقى قوزغالغاندا. . .

ئەيسا ناسىر

«يۈرەك سانجىقى» تاجىسمان يۈرەك كېسىلىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئالامەت بولۇپ، نوقۇل ئالامەتكە قاراپلا، ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سانجىقى ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس.

بەزى كېسەللەر كۆكرەك قىسمىدىكى ئاغرىقلارنىڭ ھەممىسىنى يۈرەك سانجىقى دەپ قارىسا، بەزى ئادەملەر ھەتتاكى ئۆزىدىكى تىپىك يۈرەك سانجىقىنى تونۇپ يېتەلمەي يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشىدۇ.

1. يۈرەك سانجىقىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

(1) قوزغاتقۇچ ئامىل.

تىپىك «يۈرەك سانجىقى» ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىدۇ، قوزغىلىشتىن بۇرۇن كۆپىنچە بىشارەت بولمايدۇ. ئاغرىق تىنچلانغاندىن كېيىن ياكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۆتۈش ئارىلىقىدا كېسەل نورماللىق ھېس قىلىدۇ.

«يۈرەك سانجىقى»غا سەۋەبچى ئامىللار: ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك، روھىي كەيپىياتتا جىددىيلىشىش، تويغۇنۇپ تاماق يېيىش، سوغۇق ھاۋادا شامالغا قارشى مېڭىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(2) ئاغرىش ئورنى.

ئادەملەر ئۆزىنىڭ يۈرىكى جايلاشقان ئورۇننى بىلىدۇ. يۈرەك ئورنىنىڭ ئاغرىشىنى «يۈرەك سانجىقى» دەپ تونۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە سانجىق ئورنى كۆكرەكنىڭ ئوتتا قىسمى، تۆش سۆڭەكنىڭ يۇقىرى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ سەل سول تەرىپى ياكى تۆش سۆڭەكنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدۇ. بەزى كېسەللەردە ئاغرىش ئورنى كەڭ بولۇپ، ئاغرىق قوزغالغاندا ئاغرىغان ئورۇننى ئۆزىنىڭ شاپىلىقى بىلەن كۆرسىتىدۇ، ئاغرىق سول مۈرە، سول بىلەكنىڭ ئىچكى تەرىپى ھەتتاكى چىمچىلاق بارماقىچە، بويۇن ۋە تۆۋەندىكى ئېڭەكنىڭ سول تەرىپىگە، سول ئاغاققا ۋە يۇقىرى قورساق قاتارلىق ئورۇنلارغا تارقىلىدۇ. بەزى كېسەللەر تارقالغان ئورۇندىكى ئاغرىقنى ئاشقازان ئاغرىقى، مۈرە ئاغرىقى، قول موسكۇل، بوغۇملار ئاغرىقى ۋە چىش ئاغرىقى دەپمۇ تونۇيدۇ، نەتىجىدە ئاغرىققا نىسبەتەن بىپەرۋالىق قىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇ ئورۇنلاردىكى ئاغرىقنى چوقۇم يۈرەك سانجىقى دەپمۇ تونۇماسلىق كېرەك. كۆكرەك قەپىزىدىكى ئاغرىقنى ئېلىپ ئېيتقاندا، تېرە ئۈستىدىكى بەلۋاقسىمان تەمرەتكە تېرە ئاستى ھەرە ئۇگىسىمان توقۇلما ياللۇغى كۆكرەك موسكۇلى ۋە قوۋۇرغا كېسەللىكلىرىمۇ شۇنىڭدەكلا قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋا ئاغرىقى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، يۈرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارمۇ «يۈرەك سانجىقى»غا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆزۈن ياكى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلىدىغان ئاغرىق «يۈرەك سانجىقى» بولماي چىقىدۇ.

(3) ئاغرىش خاراكتېرى«سانجىق» ئاغرىقىنىڭ ماھىيىتى بولماي،

بەلكى تەسۋىرلەش قىيىن بولغان يېقىمسىزلىق، بېسىلىش، كۆيۈش، تولغۇنۇش، ئېغىر نەرسە كۆكرەكنى باسقاندەك سېزىملاردىن ئىبارەت. يىڭنە سانجىغاندەك، توك سوققاندەك، تاتىلىغاندەك يېقىمسىز ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىلا «يۈرەك سانجىقى» بولمايدۇ، ئەگەر، كېسەل چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندەك نەپەسلىنىشتىن كېيىن ئاغرىق يېنىكلىسە ياكى ئاغرىق توختىسا يۈرەك سانجىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. ئادەتتە بىگىز بارمىقى بىلەن «مانا مۇشۇ يەر ئاغرىيدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتسە، ھەم شۇ ئورۇننى باسقاندا ئاغرىش پەيدا بولسا، بۇنى ھەم ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ.

شۇڭىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تىپىك «يۈرەك سانجىقى» قوزغالغاندا، ئاغرىق تەدرىجىي ئېغىرلىشىدۇ ۋە تەدرىجىي قويۇپ بېرىدۇ. ئېغىرلاشقان ۋاقتى يېنىكلەشكەن ۋاقتىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، ئۇتۇش ۋاقتى ئۈچ - بەش مىنۇتقىچە بولىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان ۋاقتى كۆپىنچە يېرىم سائەتكىچە بولىدۇ. ئادەتتە 15 مىنۇتتىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋال ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. يۈرەك سانجىقى بولغان كېسەللەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەر قېتىملىق ئۇتۇشتىكى قوزغاتقۇچ ئامىل، ئۇتۇش قېتىم سانى، ئاغرىش ئورنى، خاراكتېرى، داۋاملىشىش ۋاقتى ۋە دورا تەسىرى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ، ئەگەر ئۆزگىرىش بولغاندا دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈشى كېرەك.

ئاجىسمان ئارتېرىيە يۈرەك كېسىلى ئوتتۇرا ياش ياكى ياشانغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى سېزەلمەيدۇ، بۇ خىل ئەندىشىۋى جەھەتتىكى بىخودلۇق ئويۇقسىز يامان ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يۈرەك سانجىقى ھەر قېتىم قوزغالغاندا، كېسەل كىشىگە «سەن دەم ئالساڭ بولارمىكىن» دېگەن سىگنالنى بېرىدۇ. بۇنداق سىگنال ئىنتايىن مۇھىم. بىز كېلىنكىدا مۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇقىمىز. سالامەتلىكى ئوخشاش بولمىغان ياشانغان كىشىلەردىن بەزىدە يۈرەك كېسىلى نىسبەتەن ئېغىرراق دەپ تونۇلغانلار ھايات قېلىپ، سالامەتلىكى نىسبەتەن ياخشى دېگەنلەر قازا تاپىدۇ. سەۋەبى، نىسبەتەن يامان دېگەنلەر دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تۇرمۇشنى رەتكە سالىدۇ. يېمەك - ئىچمەككە دىققەت قىلىدۇ. دەم ئېلىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا داۋاملىق دوختۇرنىڭ تىببىي مەسلىھەتىنى ئېلىپ تۇرىدۇ. نىسبەتەن سالامەتلىكى ياخشى، «مەندە چاتاق يوق»، «ئۆزۈم مۆلچەرلىگەندەك» تۇرسام دوختۇر بىكار سۆزلەيدۇ، دېگۈچىلەر ئاقىۋەتتە يامان ئەھۋاللارغا قالىدۇ. بۇ خۇددى «سوغۇق چىنىنى ئۇزۇن ئىشلەتكىلى بولىدۇ» دېگەندەك ئىش. چىنىدە دەز بولىدىكەن ئاياپ ئىشلىتىلىدۇ، نەتىجىدە باشقا بىجىرىم چىنە سۇنۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ دەز چىنە يەنە ساقلىنىپ قالىدۇ.

2. «يۈرەك سانجىقى»غا گىرىپتار بولغاندا قانداق قىلىش كېرەك.

(1) سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈش لازىم. بۇ، ئاجىسمان يۈرەك كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرغۇچى ئاساسىي كېسەللىك بارمۇ - يوق؟ مەسىلەن، زىيادە سېمىزلىك، قان تەركىبىدىكى ماينىڭ يۇقىرى بولۇشى، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، قالقانسىمان بەز خىزمىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىش كېسىلى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) يۈرەك سانجىقىنى قوزغاتقۇچى ئامىللارنى تۈگىتىش لازىم. مەسىلەن: تاماكا چەكمەسلىك، كۆپ ھاراق ئىچمەسلىك، كەم قانلىق كېسىلىنى داۋالىتىش، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن ۋە روھىي جىددىيلىكتىن ساقلىنىش، يۈرۈش - تۇرۇشقا دىققەت قىلىش، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشقا ئادەتلىنىش كېرەك. زىيادە تويۇنۇشتىن، سوغۇق كۆنلەردە شامالغا قارشى ۋېلىسىپىت مىنىشتىن، دۆڭگە تېز يۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم. كېسەل ئەھۋالى مۇقىم بولمىغاندا ياكى تېز - تېز قوزغالغاندا، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مۇۋاپىق داۋالىنىش، ئوخشىمىغان دەرىجىدە دەم ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، خىزمەت ۋاقتىنى قىسقارتىش، خىزمەتنى يېنىكلەشتۈرۈش، چۈشلۈك

دەم ئېلىشنى ۋە كېچىدە قانغۇدەك ئۇخلاشنى، بەلگىلىك ۋاقىت دەم ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

(3) كېسەل قوزغىلىش قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەپ، يېنىدا دورا ساقلاپ يۈرۈش لازىم. كېسەل قوزغىلىش ئېھتىمالى بولغان شارائىتتا دەرھال ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىلىرىنى ئىشلىتىش لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا ئائىلىدىكى ئايالى ۋە بىر ئۆيدە ياشاۋاتقان ئەزالارمۇ يۈرەك كېسىلى ھەققىدە قىسقىچە بىلىمگە ئىگە بولۇشى، توغرا تېپىلغاندا، كېسەللىككە تېببىي ياردەمدە بولۇشى لازىم.

3. «يۈرەك سانجىقى» نى داۋالاش يوللىرى.

يۈرەك سانجىقى تاجسىمان ئارتېرىيە قېتىش، ئارتېرىيە ياكى سېمىزلىك سەۋەبىدىن يۈرەك مۇسكۇلىغا ئۆتكۈر قىسقا ۋاقىت قان يېتىشمەسلىكتىن بولىدىغان كېسەللىكتۇر.

يۈرەك سانجىقىنىڭ كېلىنىك تىپلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز، قوزغالغان ۋاقىتتا دەرھال ھەرىكەتنى توختىتىپ، تىنچ ئارام ئېلىش كېرەك. بۇ چاغدا بىر قىسىم يۈرەك سانجىقى تېزلا يوقىلىدۇ، ئارام ئالغاندا ئاغرىق يەنىلا قويۇپ بەرمىسە دەرھال تىل ئاستىغا شاۋسۇەن گەنيو دىن (نىترو گلىتسېرىن) 0.3 - 0.6 مىللى گرام گىچە قويۇپ شوراش كېرەك. ئاغرىق بىر - ئىككى مىنۇتقىچە قويۇپ بېرىدۇ. تەسىرى يېرىم سائەتكىچە بولىدۇ.

ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان يۈگباۋ شىكلىكىمۇ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، تەسىرى مۇقىم، ساقلاش ۋاقتى ئۇزۇن دورا بولۇپ، ئادەتتە كېسەل قوزغالغاندا ئېغىزغا پۈركىسە ئىنتايىن تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىسسىقلىق بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ؛ كېچىسى ئاغرىق تۇتقاندا، كېسەلنىڭ كۆكرەك قىسمىغا ئىسسىق گىرېلكىنى قويۇش، پۇت - قولىنى ئىسسىق سۇغا چىلاش كېرەك. بۇنداقتا بىر قىسىم كېسەللەرنىڭ ئاغرىقى پەسىيىدۇ، پەسىيىش دەۋرىدە كېسەللىككە ئۇزۇن ۋاقىت ئۈنۈم بېرىدىغان دورىلاردىن ئىچكۈزۈش لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا، يىڭنە بىلەن داۋالاش، دۆلىتىمىزدە كېلىنىكا تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى جۇڭيى دورىلىرىدىنمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىر قىسىم دورىلارنى تېلېۋىزور، رادىئو پروگراممىلىرىدا ئېلان قىلىۋاتىدۇ. توغرا، دورىمۇ تاۋار، لېكىن ئادەتتىكى مال ئەمەس، ئېلان پروگراممىلىرىدا ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە ماختاپ بازارغا سېلىش بەزىدە يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئاز بولمىغان ئادەملەر يۈرەك سانجىقى بىرەر قېتىم قوزغالغان بولسا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە دورا ئىچىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئانچە ياخشى ئەمەس. كېسەللەردە دورىغا چىداملىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر يۈرەك سانجىقى ئاندا - ساندا تۇتسا ئەلۋەتتە يېنىدا دورا ساقلاپ يۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم مەزگىلدە يۈرەك سانجىقى ئۈزلۈكسىز تۇتسا، دەم ئېلىشقا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈنگە ئۈچ - تۆت قېتىم دورا ئىچىپ، بىر ھەپتە ئەتراپىدا ئاندىن ئاستا - ئاستا توختىتىش كېرەك.

بەزىلەر يۈرەك سانجىقى بار دەپ تەنھەرىكەت مەشغۇلاتلىرىغا قاتناشمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇۋاپىق ھەرىكەتنىڭ زىيىنى بولمايدۇ. ئۇ داۋالاشتىكى بىر خىل ئامال. ئەلۋەتتە بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ھەرىكەت يېنىك ۋە كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدىغان نورمال ھەرىكەتتۇر، ھەرىكەت ئۆلچىمىنى كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ بۇرۇنقى چېنىقىش ئاساسىدا دوختۇر بىلەن ئورتاق مۇزاكىرىلەشسە بولىدۇ. ھەرىكەت جەريانىدا ئۆزىنى ئۆزى سىناپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاكتىپ ۋە ئىشەنچلىك لايىھە تۈزۈش كېرەك.

ئاخىرىدا سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

## قۇلاق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش

مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق جۇڭگوچە تىبابەت ئالىمى، ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى، شاڭخەي جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى جاڭ گېڭمىي ئەپەندى 85 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ لېكىن بەنىلا پىكىر قىلىشى ئۆتكۈر، كۆز قۇلىقى روشەن، گەپ - سۆزلىرى قىزىقارلىق، يۈرۈش - تۇرۇشى چاققان، ھازىرغىچە داۋالاش، دەرس ئۆتۈشتەك ئىغىر ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە. ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئائىلىسىدىكى ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاتمىش نەچچە يىللىق كلىنىكىلىق داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يازىدۇ.

جاڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ساغلام تۇرۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىشى بىر تەرەپتىن ئوچۇق - يورۇق مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىككى قۇلىقىنى يۇقىرىغا سوزۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ چېنىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ. «بۇ خىل چېنىقىش ئۇسۇلى ئاددىي ھەم ئاسان بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورۇندىن تۇرغاندىن كېيىن، ئوڭ قول بىلەن سول قۇلاقنى باش تەرەپتىن 14 قېتىم يۇقىرىغا سوزۇش (يەنى ئوڭ قولنى باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ سول قۇلاقنى يۇقىرىغا 14 قېتىم سوزۇش) ئاندىن سول قول بىلەن ئوڭ قۇلاقنى باش تەرەپتىن 14 قېتىم يۇقىرىغا سوزۇش (يەنى سول قولنى باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئوڭ قۇلاقنى يۇقىرىغا 14 قېتىم سوزۇش) كېرەك» جاڭ ئەپەندى بۇ خىل بەدەن ساغلاملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى 40 - 50 يىلدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھەتتا ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدىكى ئوڭۇشسىز شارائىتلاردىمۇ پەقەت توختاتمىغان.

جاڭ ئەپەندى مۇنداق دېدى: ۋەتىنىمىزنىڭ تىبابەت ئىلمىدا: بۆرەكنىڭ ئىقتىدارى قۇلاقنىڭ رولى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۆرەك بولسا «ئادەمنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئاساسى»، بۆرەكنىڭ كۈچلۈك ۋە ساغلام بولۇش بولماسلىقى جىگلو سىستېمىسى ئارقىلىق پۈتۈن بەدەندىكى ھەرقايسى ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتۈن بەدەننىڭ ساغلام بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئىككى قۇلاق ئارقىلىق بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش - چېنىقىش ئۇسۇلى قەدىمكى دەۋردىكى تېۋىپلارنىڭ چېنىقىش ئۇسۇلى ئاساسىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن ئىكەن.

(مەريەم ئابدۇللا.ت)

## مىللەتلەرنىڭ پەرھىزلىرى

※ موڭغۇللار كىگىز ئۆينىڭ غەربىي شىمالىي بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇشنى يامان كۆرىدۇ.

※ زاڭزۇلار ئۆيدە بىرەرسى ئاغرىپ قالسا ياكى ئاياللار يەڭگىگەن ۋاقىتتا، يات ئادەملەرنىڭ كىرىشىنى يامان كۆرىدۇ.

※ قازاقلار — باشقىلار ئالدىدا مال - چارۋىسىنى سانىسا يامان كۆرىدۇ.

※ ۋازۇ مىللىتى بېشى ۋە قۇلىقىنى باشقىلارنىڭ سىلاپ قويۇشىنى يامان كۆرىدۇ. قىزلارغا زىبۇ - زىننەت ۋە تاماكا سوۋغا قىلىشنى يامان كۆرىدۇ.

※ خانى مىللىتى — باشقىلارنىڭ ئۇلۇغلۇق ئۈيىدىن ئۆي - سەرەمجانلىرى ئۆتنە ئېلىشنى يامان كۆرىدۇ.

※ جىڭپو مىللىتى — ئاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى قولى بىلەن نوقۇشنى يامان كۆرىدۇ.

※ ئاچاڭزۇ مىللىتى — ئەرلىرى ئاياللارنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ تۇرۇشنى يامان كۆرىدۇ.

※ بۇلاڭزۇ مىللىتى — يول ماڭغاندا باشقىلارنىڭ ئالدىدىن سۆركىلىپ ئۆتۈشنى ياكى پۇتىنى ئاتلاپ ئۆتۈشنى يامان كۆرىدۇ.

※ بېڭلۇڭ مىللىتى — كۆرۈشكەندە ئەرلەر دولىسىنى سىلاپ قويۇشنى يامان كۆرىدۇ، ئاياللار رومىلى، كىيىم - كېچەكلىرى قاتارلىقلارغا چېقىلىشنى يامان كۆرىدۇ.

(تۇرسۇن پىداقۇل.ت)

## مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ كىچىك يېزا — يۇمىن يېزىسى

شىزاڭ ئاپتونوم رايونى لۇڭزى ناھىيىسىنىڭ يۇمىن يېزىسىدا بىر ئائىلىلىك ئۈچلا ئادەم بار. لېكىن بۇ يېزىنىڭ يېزا باشلىقى، تامغىسى ۋە ۋەزىپىسى بولۇپ، بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تەشكىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇمىن يېزىسىدىكى بۇ ئائىلىدىكىلەر. زاڭزۇ مىللىتىدىن، دادىسى ساڭجى چۈۋە 68 ياش، ئىلگىرى مۇشۇ يېزىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ھازىر پېنسىيىگە چىققان. ھازىرقى يېزا باشلىقى ساڭجى چۈۋەنىڭ 31 ياشقا كىرگەن چوڭ قىزى زوغە. يېزا ئەزاسى ياڭزۇڭ ساڭجى چۈۋەنىڭ كىچىك قىزى بولۇپ، ھازىر 28 ياشقا كىرگەن.

يۇمىن يېزىسى بۇرۇندىنلا بار بولۇپ، 1959 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۇ يەردە نەچچە ئون ئائىلە ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. كېيىن ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ كېتىپ، 1980 - يىلغا كەلگەندە ساڭجى چۈۋەنىڭ ئائىلىسىلا قېپقالغان. بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولسىمۇ، لېكىن ئاچا - سىڭىل ئىككەيلەننىڭ توي ئىشى تېخىچە بىر ياقلىق بولمىغان.

(جەملە ئېلى ت)

## دۇنيا بويىچە ئون باي دۆلەت

ھازىرقى زاماندا دۇنيادا ئەڭ باي ئون دۆلەتنىڭ رېتى تۆۋەندىكىچە:

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 19120 دوللار.

برۇنىي — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 17580 دوللار.

لىختېنشتېين — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 16600 دوللار.

ئامېرىكا — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 16400 دوللار.

شۋېتسارىيە فېدېراتسىيىسى — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 16400 دوللار.

قاتار — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 15980 دوللار.

كۇۋەيت — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 14270 دوللار.

نورۋېگىيە — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 13890 دوللار.

كانادا — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 13670 دوللار

لىيۇكسېمبۇرگ — ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 13380 دوللار.

## نوبېل مۇكاپاتى

خەلقئارادا ھەر يىلى ئالاھىدە تۈھپە ياراتقان ئالىم، ئەدىب ۋە تىنچلىقپەرۋەر زاتلارغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن شۋېتسىيىلىك خىمىيە ئالىمى نوبېلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مۇكاپات سوممىسى تارقىتىلىدۇ. نوبېل پۈتۈن ھاياتىنى پەن تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي ئۆتكەن. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا 255 تۈرلۈك پاتېنتقا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ 129 تۈرى پارتلاتقۇچ ھەققىدىكى پاتېنت ئىدى. ئۇنىڭ پارتلاتقۇچ دورىسى كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانىيەتكە بەخت يەتكۈزۈش ئىدى. لېكىن پارتلاتقۇچنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇرۇش خەۋپىنى كۈچەيتىشى ۋە ئىنسانىيەتكە بالا - قازا كەلتۈردى. بۇنىڭغا نوبېل ئىنتايىن ئېچىندى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ۋەج - مۈلكىدىن 9 مىليون 200 مىڭ دوللارنى مۇكاپات فوندىغا ئاجرىتىپ، ھەر يىلى بۇ فوندنىڭ ئۆسۈمىنى دۇنيا تىنچلىق ئىشلىرى ۋە پەن تەتقىقات ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە ئالاھىدە تۈھپە ياراتقان شەخسلەرنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. بۇ مۇكاپات 1901 - يىلدىن ئېتىبارەن تارقىتىلىشقا باشلىغان. مۇكاپاتلانغۇچىنى شۋېتسىيە

خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئالاھىدە تەسىس قىلغان نوبېل مۇكاپاتى فوند كومىتېتى باھالاپ چىقىدۇ. مۇكاپات ھەر يىلى نوبېل ۋاپات بولغان كۈنى — 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تارقىتىلىدۇ.

## ئالاھىدە رايون بىلەن

## ئىچكى رايوننىڭ ئۈچ

## چوڭ پەرقى

1. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە، ئالاھىدە رايون دېگىنىمىز نىسبىي مۇستەقىل مەمۇرىي رايوننى كۆرسىتىدۇ؛ ئىچكى رايونى — ئۇ تەۋە بولغان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە كونكرېت باشقۇرۇشى ئاستىدا بەزى پەۋقۇلئاددە سىياسەتلەر يولغا قويۇلغان بىر بۆلەك ئىچكى رايوننى كۆرسىتىدۇ؛

2. ئىگىلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئالاھىدە رايوننىڭ ئىگىلىكى — پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئېكسپورت قىلىشنى ئاساس قىلغان، سانائەت بىلەن سودا بىرلەشتۈرۈلگەن، پۇل ـ مۇئامىلە كەسپى بىلەن سەيلى ـ ساياھەت قاتارلىق 3 ـ كەسىپ ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، پەن ـ تېخنىكىسى ئىلغار بولغان سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىك؛ ئىچكى رايوننىڭ ئىگىلىكى بولسا ئىلغار سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن ـ تەتقىقاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلغان، 3 ـ كەسىپ بولسا ئۇزى تۇرۇشلۇق شەھەرگە تايىنىپ، ئۇز رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛

3. ئېتىبار بېرىش سىياسىتى جەھەتتە، ئالاھىدە رايونلاردىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار مەيلى ئىشلەپچىقىرىش تىپىدە بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن 15 پىرسەنتلىك باج نىسبىتى بويىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى يىغىۋېلىنىدۇ؛ لېكىن ئىچكى رايونلىرىدا پەقەتلا ئىشلەپچىقىرىش، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى كارخانىلارلا بۇ مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

(ئابلىمىت مۇھەممەت)

## بازار ئىگىلىكى

## دېگەن نېمە

پىلان ئىگىلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ ئېيتىلغان، پۈتۈنلەي بازار مېخانىزمى بىلەن دۆلەت. ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى رايون ۋە ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتىكى بىر خىل ئىگىلىك شەكلى. بۇ ئىگىلىك شەكلى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈمى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. بازار ئىگىلىكى مۇنداق بەش خىل شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: 1. ئومۇمىيۈزلۈك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بولغان بولۇشى؛ 2. يۇقىرى دەرىجىدە تارقاق ئىگىلىك تەدبىرى بەلگىلىنىشى؛ 3. كەسىپ تاللاش ئەركىنلىكى بولۇشى؛ 4. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال قىلىشنىڭ مۇستەقىللىقى بولۇشى. 5. بازارغا تايىنىش. پۈتۈن بازار ئىگىلىكىنىڭ دەۋر قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ تۇرغان بازار تورى ۋە باھا ئارقىلىق تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. بازار ئىگىلىكىدە رىقابەت كەسكىنلىشىدۇ، قىممەت قانۇنىيىتى ئىجتىمائىي ئەمگەكنى ھەرقايسى تارماقلاردا ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ ماڭىدۇ. قىسمەن كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پىلانلىقلىقى بىلەن پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى دەۋرىلىك ئىقتىسادىي كىرىزىس ئارقىلىق مەجبۇرىي تەڭشىلىپ تۇرىدۇ.

# «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى

ئابدۇرىشىت ياقۇپ

«ئىنجىل» خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، ئۇ ھازىرغا قەدەر لاتىن تىلى، گرېك تىلى قاتارلىق قەدىمكى تىللار ۋە ئىنگلىز تىلى، نېمىس تىلى، فرانسۇز تىلى، ياپون تىلى قاتارلىق نەچچە يۈز خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «ئىنجىل» ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي ئۈچ قېتىم ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇلار ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى بولغىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، 10 -، 11 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. ئەپسۇسكى، «ئىنجىل»نىڭ بۇ تەرجىمىسى بىزنىڭ قولىمىزغا تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن، پەقەت «مەسىھ» نىڭ 2 - بابىنىڭ 8 - ئايىتىدىن 17 - ئايىتىگىچە بولغان قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. قىزىق يېرى، تەرجىمە ئارىسىغا ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى بىر رىۋايەت قىستۇرۇلغان. رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلار ئەيسانىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئەيسا ئۇلارغا يېنىدىكى تاش بۆشۈكتىن يۇمشاق بىر پارچە تاشنى ئۈزۈپ بېرىپتۇ، يەھۇدىيلار ئۇنى زادىلا كۆتۈرەلمەپتۇ، ئاتقا ئارتسا ئاتمۇ ماڭالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار تاشنى يول بويىدىكى بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە قۇدۇقتىن ئاسمان - پەلەك ئوت كۆتۈرۈلۈپ جاھاننى قاپلاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان يەھۇدىيلار دەرھال ئوتقا باش ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇندىن باشلاپ يەھۇدىيلار ئوتقا چوقۇنىدىغان بوپتۇ. ھەممىگە ئايانكى، مەيلى يەھۇدىيلار ۋە ياكى خرىستىئانلار بولسۇن ھېچقايسىسىلا ئوتقا چوقۇنمايدۇ. «ئىنجىل» دىمۇ ئەلۋەتتە بۇ خىل مەزمۇن يوق. ئېنىقكى بۇلار ئوتقا چوقۇنىدىغان سوغدىلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خرىستىئان دىنىنى ئۆزگىچە قوبۇل قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ قوشۇلغان. شۇڭا «ئىنجىل»نىڭ بۇ تەرجىمىسى يالغۇز قەدىمىي بولۇش بىلەنلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا خرىستىئان دىنىنىڭ (ئۇيغۇرلارغا تارالغىنى خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىئانىزم دېگەن ئارمىقى) ئۇيغۇرلارغا تارقىلىش ئەھۋالى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئىنجىل»نىڭ ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ بار بولۇپ، 1930 - يىللىرى ئەتراپىدا نەشر قىلىنغان. بۇ نۇسخا بىۋاسىتە ھالدا يۇنان تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە تولۇق ساقلانغان. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى، يەنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە. يۇقىرىقى ئىككى خىل نۇسخىدىن باشقا، ھازىر كوچىلاردا «ئىنجىل»نىڭ پارىلەر بويىچە قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىمۇ ئېقىپ يۈرمەكتە. ئىملاسىدىن قارىغاندا، بۇ نۇسخا پەقەت يېقىنقى 5 — 6 يىل ئىچىدىلا تەرجىمە قىلىنغان، بەزىلىرى «ئىنجىل»دىكى بەزى ھېكايىلەرنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. بۇ ئۇيغۇرلارغا 10 ئەسىر ئىلگىرى نېستورىئوسلار ئارقىلىق كىرگەن خرىستىئان دىنىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## يېتىملىك

مەن ئىچ - ئىچىمدىن ئاۋاز چىقىرىپ ۋارقىرىدىم،
بۇنىڭغا جاۋابەن ماڭا يانغىنى ئەكس سادايىملا بولدى.
مەن يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدىم، ماڭا
ئەگەشكىنى پەقەت سايىملا بولدى.

## پۇشايمان

چۆلدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن قامغاق توغراققا قاراپ
ھەۋەس قىلدى:
— ھەي، تۈز ۋاقتىدا توغراقتەك يىلتىز تارتالىغان
بولسام، بوران مېنى مۇشۇنداق بوزەك قىلالارمىدى؟




سوئال: مەن ئېيىغا ئاران 200 نەچچە كويى مائاش ئالىمەن، قانداق قىلسام خەجلەپ بولالمىغىدەك پۇلۇم بار بولىدۇ؟

ئۈرۈمچىدىن ۋاھاپ

جاۋاب: ئېيىغا ئالغان 200 نەچچە كويى پۇلىڭىزنى چامىدانغا سېلىپ يىغىۋېرىڭ.

سوئال: مەن بەزىدە گېزىت - ژۇرناللاردىن: ئالما يېگەندە سويۇپ يېيىش كېرەك، چۈنكى ئالمىنىڭ پوستىدا دېھقانچىلىق دورىسى بار، دېگەن خەۋەرنى كۆرىمەن، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئالمىنىڭ پوستىدا مول ۋىتامىن بار، شۇڭلاشقا سويماي يېيىش كېرەك دېگەندەك ماقالىلەرنى كۆرىمەن. بۇ زادى قانداق گەپ؟

تورپاندىن گايىت

جاۋاب: بۇ دەل ئىلىم - پەننىڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتقان گەپ.

سوئال: بۇرۇنقى كىنولاردا باشلارنىڭلا مۇھەببەتلەشكىنىنى كۆرگىلى بولاتتى، ھازىرقى كىنولاردا بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولامدۇ، موماي - بوۋايلار بولامدۇ ھەممىسى مۇھەببەتلىشىپ چىقىدىغان بولدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

غۇلجىدىن بارى

جاۋاب: سەۋەب، رېژىسسور ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ زادى بالدۇر بالاغەتكە يېتىدىغان ياكى كېيىن بالاغەتكە يېتىدىغانلىقىنى ئايرىيالمىغانلىقىدىن بولغان.

سوئال: كىشىلەر مېنى دۆت چىراي دەپ مازاق قىلىشىدۇ، قانداق قىلسام كىشىلەرگە ئەقىللىق كۆرۈنىمەن؟

لوپنۇر ناھىيىسىدىن ئۆمەر

جاۋاب: پېشانىڭىزگە «ئەقىللىق» دېگەن خەتنى چاپلىۋالسىڭىز ئەقىللىق كۆرۈنىسىز.

سوئال: ھۆرمەتلىك تەھرىر، ئەگەر بىر داڭلىق يازغۇچى بىلەن بىر نامسىز ئاپتور سىلەرگە ئوخشاش مەزمۇن، ئوخشاش سۈپەتتە ئەسەر ئەۋەتىپ قالسا، سىلەر قايسىڭكىنى ئىشلىتىسىلەر؟

گوما ناھىيىسىدىن بىر ئاپتور

جاۋاب: ئەلۋەتتە نامسىز ئاپتورنىڭكىنى ئىشلىتىمىز.

سوئال: جەمئىيەتتە ئۇرغۇن كىشىلەر سىپتىرالىق كەسپىنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟

بىر سىپتىراقىز

جاۋاب — خۇدايىم شۇنداق كىشىلەرنى كېسەلدىن خالىي قىلغاي، مۇبادا ئەقدىر پېشانە ئۇلارنى كېسەلخانىغا سۆرەپ قالسا ئۇلار قانداق قىلار.

سوئال: مېنىڭ كىنو چولپىنى، ئەنئەنىۋى چولپىنى، پالانى ئالىم، پۈكنى بارغۇچى دېگەندەك مەشھۇر ئادەملەرگە ناھايىتى مەسلىكىم كېلىدۇ، مەنمۇ شۇنداق مەشھۇر ئادەم بولالايمەنمۇ؟

ئۈرۈمچىدىن تاھىر

جاۋاب: ئەگەر ئەقىل - ھوشىڭىز جايىدا بولسىلا، شۇلار تۆككەن قان - تەرنى سىزمۇ تۆكسىڭىز مېنىڭچە بولالايسىز.

سوئال: مەن ھەممە ئادەم ماڭا قايىل بولغىدەك ئادەم بولۇپ چىقسام دەيمەن بۇ مۇمكىنمۇ؟

ئۈرۈمچىدىن بىر ئوقۇغۇچى

جاۋاب: بۇ ئىش سەل ئەس بولسا كېرەك. چۈنكى ماركستەك ئۇلۇغ ئادەمگىمۇ ھەممە ئادەم قايىل بولغان ئەمەس.

سوئال: مېنىڭ سۆيگۈ قىزىم دايىم مېنى پۇل خەجلەپ بەرمىدىڭ دەپ رەنجىپ قالىدۇ، مەن تاپاۋىتى يوق نامرات بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا خەجلەپ بەرگىدەك پۇلۇم يوق، يەنە كېلىپ ئۇنى خاپا قىلىپ قويغۇمىمۇ يوق، قانداق قىلسام بولا؟ ماڭا يول كۆرسىتەرسىلەر.

غەربىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن تەڭلىكتە قالغان بىر ئوقۇغۇچى.

جاۋاب: سىزگە ئىككى يول بار. يا سۆيگۈ قىزىڭىز سىزنى ئالماشتۇرسۇن يا سىز سۆيگۈ قىزىڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ شۇنىڭ بىلەن تەڭلىكتىن ئازات بولىسىز.




باشلىق — ياخشى ئىشنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىپ كۆرسىتىدىغان، يامان ئىشنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئىتتىرىدىغان ئادەم.

ساقچى — يامانىنى باپلايدىغان چارىسىدىن ياخشىنى باپلايدىغان چارىسى كۆپ ئادەم.

ئاسمان — ھازىرقى زامانىنىڭ مەخسۇس بۇلغانغان ھاۋاسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەخلەتخانا.

ئاكسىيە — قانۇنلۇق قىمار.

دېھقان — جاپادا بار، ھالاۋەتتە يوق جاپاكەش ئادەم.

ئىشچى — ئەقلى يوق ماشىنىنى باشقۇرىدىغان ئەقلىلىق ماشىنا.

ئەسكەر — ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدىغان ئادەم.

مۇخبىر — نەدە مەسىلە باركىن دەپ يۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئادەم.

كىرئالغۇ — ئىشچان خوتۇننى ھورۇنلاشتۇرىدىغان زامانىۋى ئۆي سايمىنى.

ھاراق — ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ئابىھايات سۈيى.

تاماكا — ئىنسان ئەڭ رازىلىق بىلەن ئىشلىتىدىغان ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش قورالى.

ۋىجدان — كۆزگە چېلىقمايدىغان، قولغا چىقمايدىغان، ھەممە ئادەم يوق دېمەيدىغان بىردىنبىر نەرسە.

ئەقىل — ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم.

ئېلان — بىر خىل ئادەم ئالداش ماھارىتى.

پۇل — ئەرلەر ئۆيگە ئەكىرسە، ئاياللار سىرتقا چىقىرىدىغان نەرسە.

يامغۇرلۇق — يېشىغا چۈشىدىغان يامغۇرنى پۇچقىقىغا چۈشەتكۈزىدىغان نەرسە.

ئۇرۇش — ئىنسانغا تىنچلىقنى ئەسلىتىدىغان ھەرىكەت.

ئىلمىي تەتقىقات — دۆلەت خىراجەت ئاجرىتىپ، ئالىملارنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش.

ھايۋاناتلار باغچىسى — ھايۋانلارنىڭ ئادەملەرنى ئەركىن - ئازادە كۆرۈۋالىدىغان جايى.

8 - مارت — ئەرلەرنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمران بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۈن.

كوچا ئاپتوۋۇزى — كىشىلەر ھېچقانداق سورۇندا ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئىناقلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل قاتناش قورالى (نازۇك يەرلىرى سۈركىلىشىپ كەتسىمۇ ئېغىر ئېلىشمايدۇ).

تېلېفون — كىشىلەر يۈز تۇرانە دېيەلمەيدىغان گەپلىرىنى دەۋېلىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئىجاد قىلغان نەرسە.

سانائەتلىشىش — ئىنسان بىلەن يەر شارىنىڭ ئېلىشىشى. نەتىجىدە يا ئىنسان تۈگىشىدۇ يا يەر شارى تۈگىشىدۇ.

مۇشۇك ياپىلاق — كۈندۈزدىكى رەزىللىكتىن سەسكىنىپ كېچىسى سىرتقا چىقىدىغان ھايۋان.

ۋاقىت — ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بايلىق، لېكىن سائەت ئۇنى دوراپ ئۆزگىرىپ باقسىمۇ ھېچقانداق بايلىقى يوق نەرسە.

ئىپپەت — مول مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان بايلىق.

چۈش — جەزمەن سۆزلىشىمىسە بولمايدىغان رەپىقە.

بانكا — دۇنيانى باي كۆرسىتىدىغان جاي، گەرچە دۇنيا ئۇنچە باي بولمىسىمۇ.

ماگىزىن — بىر خىل قۇرۇتۇش ماشىنىسى، ئادەمنى بۇ ئىشىكتىن كىرسە ئۇ ئىشىكتىن قۇرۇتۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارغا ئۈنۈمى ياخشىراق.

گۆركار — جاڭگالغا ئورا كولاپ، ئۆلۈككە ئىجارىغا بېرىپ، جان باقىدىغان ئادەم.

دورا — ھازىرقى كېسەللىككە پايدا قىلىدىغان. يوشۇرۇن كېسەل پەيدا قىلىدىغان زەھەرلىك نەرسە.

زىياپەت — ئېسىل تائام بىلەن كىشىنىڭ ئاغزىنى مايلاپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆزىنى بوياپ، ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىدىغان سورۇن.

## ئىدىيىنىڭ تۇغۇلۇشى (نەسر)

تەۋفىق ھەكىم (مىسىر)

— كاللامنى توختىماي تۈرۈۋاتقان كىم؟

— ئىدىيە!

— نىمە ئىش قىلىسەن؟

— چىقىۋالاي!

— ھازىر؟ ھەممە ئادەم شىرىن ئۇخلاۋاتقان، مەنمۇ ئۆيقىچىلىقتىن كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتقان مۇشۇ كېچىدە؟

— شۇنداق، تېز بول ... ھازىر چىقىۋالمىسام، مەڭگۈ چىقالمايمەن!

— ئۇيقۇم كېلىپ، كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتقانلىقىمنى كۆرمىدىڭمۇ. تاڭ ئاتقىچە تاقەت قىلىپ تۇرساڭ بولماسمىدى؟

— بولمايدۇ ... دەرھال چىقىشىم كېرەك ...

— نىمىشقا ئۇخلاپ قالاي دېگەن ۋاقتىمدا چىققىڭ كېلىپ قالدى؟

— ۋاقىتنى مەن ئۆزۈم بەلگىلىيەلمەيمەن، كاللاڭدا تۇرۇپ پىشىپ يېتىلگەن ئىكەنمەن، خۇددى ئاي كۈنى توشقان تورەلمىدەك تۇغۇلۇشۇم كېرەك.

— ئۇنداق بولسا بۇندىن بۇرۇن سېنىڭدىن زادى خەۋىرىم يوق ئىكەنغۇ؟ مەن كاللامنى قاپاقتەك قۇرۇقىمىكىن دەيتتىم.

— مېنىڭ يېتىلىۋاتقىنىمنى سەن قىلچە ھېس قىلمىغان، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. مەن ئەمدى پىشىپ يېتىلدىم ...

— سەن نەگە بارماقچى؟

— تۇرمۇشقا، قەغەز يۈزىگە! ھەي، ھورۇن! دەرھال ئويغان. قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ كەل، مېنى جامائەتچىلىككە تونۇتقىن.

— سەن ئۆزۈڭنى بەك چوڭ چاغلاپ كەتتىڭغۇ دەيمەن! سەن سىرتقا چىققان تەقدىردىمۇ، تۇرمۇشنى قانچىلىك ئۆزگەرتەلەرسەن؟

— بۇنىسى نامەلۇم ... ئېھتىمال تۇرمۇشتا باشقىچە ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن ... تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ گۈزەل ... ئېھتىمال مەلۇم مۇھىم بۇرۇلۇش پەيدا قىلىپ، پۈتۈن تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولۇشىمۇ مۇمكىن ...

— بۇنىڭ ھەممىسى سەندەك ئىدىيىنىڭ بولغانلىقىدىن بولامدۇ؟

— دەل شۇنداق، بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن نەچچە قېتىم شۇنداق قىلغان. دەرىزەڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەلئىبھرامنى ئالساق — ئۇلار دەسلىۋىدىمۇ بىر خىيال ئىدىغۇ ... يەنە ئالساق، ئۆيۈڭنى يورۇتۇپ تۇرغان لامپۇچكا، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان رادىئو بۇلارمۇ دەسلەپتە بىر خىيال ئىدىغۇ ... ئىنساننى ئىلگىرىلەشكە ئۈرتكە بولغان ئىدىيە، ئىنساننىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا سەنئەت ياراتقانمۇ ئىدىيە ... دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەت ئىدىيىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقلىنىپ تۇرۇشى ئىنساندا ئىدىيە بار، ھايۋاندا بولسا ئىدىيە يوق. ھورۇنلۇق قىلىپ ياتماي، دەرھال ئويغان! كاللاڭدا ئىدىيە تۇغۇلغىنىغا خۇرسەن بولۇشىڭ كېرەك! ...

— پەقەت مېنىڭ كاللامدىلا ئىدىيە بولامدۇ؟ مەندىن باشقا كۆرمىگەنلىكى ئادەم بار ئۇلاردا ئىدىيە بولمامدۇ؟

— ئۇلاردىمۇ بار، بىراق شۇ ئادەملەر ئىچىدە، ئىدىيىسىنىڭ تۇغۇلۇپ چىقالايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز.

— سېنىڭچە ئېيتقاندا، سېنىڭ قىممىتىڭ تۇغۇلۇشىڭدا ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، تۇغۇلۇپ يەنە ھايات قېلىشىم كېرەك. بۇنداق ھالەت دۇنيادا كەمدە-كەم ئۇچرايدۇ. ئەگەر سەن ئازتولا ھېساب بىلسەڭ، قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ كەل، ئۇۋەندىكى ئىشلارغا ھەيران قالىسەن: دۇنيادا نەچچە مىليارد ئادەم بار. ھەر بىر ئەسىردە بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مىليون ئادەمدىن بىرىگى ئىدىيە تۇغۇلدى دەيلى، ئۇنداقتا ھەر بىر ئەسىردە بىر مىليون خىل ئىدىيە بارلىققا كېلىدۇ... بۇ ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىر ئەسىردە ئون خىل مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەمدە ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىدىيە

تۇغۇلدى دەيلى، ئۇنداقتا بۇ ئەسىرنى ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئەسىر ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ!

— ئۇنداق بولسا، سىبنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىشلا كۇپايە ئەمەسكەن دېگىنە؟

— شۇنداق، كۇپايە ئەمەس ... تۇرغۇنلىغان پەيلاسوپ، شائىر، سەنئەتكار ۋە ئالىملار كۈن بويى قورۇق باش قاتۇرۇپ، چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ، تۈز كاللىسىدا نۇرغۇنلىغان ئىدىيەلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىر، سانسىزلىغان ئادەم مەخسۇس ھەر خىل ئىدىيەلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇزىچە بۇ ئىدىيەلەرنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دەپ قاراپ، سانسىزلىغان كىتاپ، ژۇرناللارنى توشقۇزۇۋەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىدىيەلەرنىڭ رولى سىبنىڭ كۈندىلىك ناشتاڭدا بولكاڭغا سۈرگەن ئازغىنا سارىمايچىلىكلا بار!

— مەن ئەسلى مۇھىمى سىبنىڭ تۇغۇلۇشۇڭ دەپ قاراپتىكەنمەن ...

— مۇھىمى تۇغۇلغاندىن كېيىن ھايات قىلىشىم كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، مۇھىمى تۇغۇلۇشىڭ ئەمەس، قانچىلىك ئۇمۇر كۆرىشىڭدە ئىكەندە!

— ناھايىتى توغرا دېدىڭ، ماڭا نىسبەتەن، كىيىم - كېچەك ياكى مودا تاۋارلاردەك بىرەر يىل مودا سۈرۈپ يوقىغاندىن كۆرە تۇرەلمىگىنىم ياخشى!

— خوش، ئۇنداق بولسا، تۇرىلىپ قانچىلىك ياشىماقچىسەن؟

— قانداقلا بولمىسۇن سەندىن ئۇزۇن ئۇمۇر كۆرۈشۈم، ھېچ بولمىغاندا سەندىن بىر ھەسسە ئارتۇق ياشىشىم كېرەك. سىنىڭ جەسىتىڭ يەر ئاستىدا چىرىپ بولغان چاغدىمۇ ياشىلىقىم ئۇرغۇپ تۇرغان بولۇشى كېرەك!...

— سىبنى ۋە سىنىڭ ئارزۇيۇڭنى خۇدا ئۇرغاي!

— نېمە، ئۇزۇڭنىڭ ئۇلۇپ مېنىڭ ھايات قالغانلىقىمغا خاپا بولۇۋاتامسەن؟

— ئەلبەتتە خاپا بولۇۋاتىمەن! مەن سەندىن بىرەر سائەت بولسىمۇ ئۇزۇنراق ياشىۋالسام، ناھايىتى خۇرسەن بولىمەن.

— ئىدىيەڭ ئۇلۇپ بولغاندا، ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ پۈتۈن پەرزەنتلىرىڭ ئۇلۇپ كەتسە ئاتا بولغىنىڭنىڭ تەنھا ھالدا غېرىبانە ياشىشىڭنىڭ نېمە لەززىتى؟

— گېپىڭ دۇرۇس، بۇ ھەقىقەت، قايغۇلۇق بىر ھەقىقەت، بۇ ھەقىقەتنى ئاشۇ پەرزەنت كۆرگەنلەرنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىگە بېرەيلى. ماڭا كەلسەم، ھازىرچە سىبنىڭ تۇغۇلۇشىڭنى توسۇپ قىلىشقا مادارىم يېتىدۇ ۋە سەۋەبىم ئاندىن تولۇق. سىبنى تۇرەلدۇرۇپ قويۇپ، ئۇزۇمگە شۇنچىۋالا باش ئاغرىقى تېپىپ ماڭا نېمە جاپا!

— ئەگەر مەن تۇرەلسەم، ناھايىتى زور پايدىلىق كەلتۈرىمەن ئەمەسمۇ!

— قانداق پايدىلىق؟

— مەن تۇرەلگەندە تولۇق پىشىپ يېتىلگەن ۋە كامالەتكە يەتكەن بولىمەن، مەن سىبنىڭ تېنىڭدىكى بارلىق ئىسىل ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىڭنىڭ خەزىنىسى بولىمەن، سىبنىڭ مەۋجۇتلىقىڭنى ئۇزارتىمەن، ئىنسانىيەتكە پايدا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋېتىشىم ۋە شۇ ئارقىلىق سىبنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىڭنى قاندۇرۇشۇممۇ مۇمكىن.

— ھەقىقەتەن شۇنداق، دەل بىزدە شۇنداق شۆھرەتپەرەسلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەردەك ئىدىيەلەر بۇ ئالەمگە تۇرەلگەن.

— مەن سىلەرنىڭ بۇ ئاجىزلىقىڭلاردىن پايدىلىنىشنى خالايمەن. مېنى چىقىرىلى قوي!

— بىراق سەن ئۇزەڭنىڭ تۇرۇلگەندىن كېيىن ئۇزۇڭگە نېمە پايدىسى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

— ياھ، نېمە دېگەن ئەخمىقانە سوئال ھە! سەن قۇرت - قوڭغۇزلاردىن سوراپ كۆر، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى. بىلىپ قويغىنكى تەبىئەتتىكى بارلىق ماددىنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئارزۇسى بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن ھازىر مېنىڭ كاللامدا ئىكەنسەندە؟

— شۈنداق ... ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆرەلگىلى قوي!

— سەل تاقەت قىل، قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ كېلەي.

— بىراق ۋاقىتنى غەنىمەت بىل!

— نېمە ئىش بولدى.

— دېمىم سىقىلىپ، نەپىسىم ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ، ... ئۆرۈم خىرەلىشىۋاتىدۇ. سەن ماڭا تولا قۇرۇق گەپ قىلىپ ۋاقىتمنى ئېلىپ كەتتىڭ، مەن ئۆرەلمەي ئۆرۈپلا چارچاپ ھالىمدىن كەتتىم.

— ئاپلا، قەلەمنى نەدە قويغاندىمەن، ... قەغەزنىمۇ تاپالمايۋاتىمەن. ئۈستەل ئۈستىدە ناشتىلىق بولكام ئوراغلىق تۇرغان بىر ۋاراق قەغەز تۇرۇپتۇ. مېنى ئويغىتىۋەتكىنىڭگىمۇ ھېچقىسى يوق. مۇھىمى قورساققا بىر نەرسە يېيىش كېرەك. ئەگەر قورساق ئاچلىقتىن كاكىراپ كەتسە، كاللاڭنىڭ توشۇپ كەتكىنىڭ نېمە پايدىسى! خاتىرجەم بول، ھازىرلا ناشتا قىلىپ بولىمەن، ھەرگىزمۇ سېنى ساقلىتىپ قويمايمەن. تېخى يېگەچ قەلەم ئىزلىسەممۇ بولىدىغۇ. قارا، مانا تېپىلدى! قەلەم ئۈستەل ئۈستىدىكەن ... بولدى، ئەمدى توغۇلساڭ بولدى ... ھەي، ئىدىيە! تېز بول ... گەپ قىل ... چىقمامسەن! توۋۋا، نېمە ئىش بولدى؟ نېمىشقا چىقمايسەن؟ نەگە يوشۇرۇنۇۋالدىڭ؟ ھېلى تېخى ئاغزى ئاغزىڭغا تەگمەي، سۆزلەپ ماڭا ئارام بەرمىگەن ئىدىڭ ئەمدى ھېلىقى ئەلپازىڭ نەگە كەتتى؟ ھەي، ئىدىيە، نېملا بولسا بىر نەرسە دېمەمسەن! گېلىمغا تۇرۇپ قالما! سەن نەدە؟ بىر يەرگە قېچىپ كەتتىڭمۇ؟ ... ئۆلدىڭمۇ يا؟ ئىست! ●ئىدىيە بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشقا ئۈلگۈرمەي ئالەمدىن ئۆتتى!...

شۇنداق، شۇبھىسىزكى ئىدىيە تۇغۇلۇشقا ئۈلگۈرمەي كاللامدا ئۇنجۇقۇپ كەتتى! بىراق بۇ كىچىكتۈرۈشكە مەن سەۋەبچىمۇ؟ بۇ مېنىڭ خاتالىقىممۇ؟ كىم بىلىدۇ ئۆزى سەۋەبچىمۇ تېخى؟ ... ھىم، نېمە بولسا بولمامدۇ، بولسا دوزاققا كىرىپ كەتكەي! مانا چىپىمنى ئىچىپ بولاي دەپ قالدىم — ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋېرىمەن. بۇ يا ئۆنجى قېتىم يۈز بەرگەن يا مېنىڭلا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىش بولمىسا ... شۇنداق قىلىپ ئىدىيەم تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتتى، ياكى تۇغۇلمايلا ئۆلۈپ كەتتى، خۇددى مىليونلىغان ئىدىيە، مىليونلىغان دەقىقە ئىچىدە، مىليونلىغان قېتىم مىليونلىغان ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئۆرغاندەك......

ئەكبەر ئېلى.ت

---

ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرى

## ئەقىدىنىڭ يىلتىزى

«...دادا مەن ئۆزۈمنى يوپۇرماق ھېسابلىسام، سېنى گويا يىلتىز كۆرىمەن، چۈنكى يىلتىزسىز يوپۇرماق بولمايدۇ.

مەن ئۆزۈمنى كېپىنەك كۆرسەم، سېنى خۇددى گۈلزارغا ئوخشىتىمەن. چۈنكى كېپىنەك گۈلزارسىز كۈچ - مادار تاپالمايدۇ.

مەن ئۆزۈمنى قېيىق كۆرسەم، سېنى بەئەينى دەريا ھېسابلايمەن، چۈنكى قېيىق دەرياسىز ھېچ مەنزىلگە بارالمايدۇ....»

دادامدىن ماڭا جاۋاب كەلدى:

«....بالام، سەن ئۆزۈڭنى يوپۇرماق ھېساپلىساڭ خەلقىڭنى يىلتىز ھېسابلىغىن، چۈنكى شۇ يىلتىزسىز مەنمۇ شاخلىيالمايتتىم.

سەن ئۆزۈڭنى كېپىنەك كۆرسەڭ، دىيارىڭنى گۈل - گۈلىستانغا ئوخشاتقىن، چۈنكى شۇ گۈلىستانسىز مەنمۇ كۈچ - مادار تاپالمايتتىم.

سەن ئۆزۈڭنى قېيىق كۆرسەڭ، ئەل قوينىنى بەئەينى دەريا بىل چۈنكى شۇ دەرياسىز مەنمۇ ھېچ مەنزىلگە بارالمايتتىم....»

مەن دادامنىڭ جاۋابىدىن ئەقىدىنىڭ يىلتىزىنى تاپقاندەك بولدۇم.

## ئىنسان خىتابى

كۈندۈز قۇياشىم بىلەن يورۇق. كېچە ئاياشىم بىلەن يورۇق.

ئەل ئالدىدا دائىم بولسىلا يۈزۈم يورۇق، بۇ ئۆمرۈم بولار پارلاق، ئۆلسەم ھەم گۆرۈم يورۇق.

# كتابخانلاردن خەت

هۆرمەتلىك تەھرىر:

ىېقىندا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ قالدىم. يېڭى ئىدارىغا بىرىپلا قىممەتلىك نەشىر ئەپكارىڭلار «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» غا كۆزۈم چۈشتى، بىلىمگە بولغان «تويمىغۇر» لارچە مىجەزىم شۇ ئاندا بۇ ژۇرنالنىمۇ كۆرۈشكە تەقەززالاندۇردى. مەن ھەم تېزلا قولۇمغا ئېلىپ مۇندەرىجىلىرىنى كۆرۈشتىن باشلىدىم ... بىلدىمكى، مەن ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى ئوقۇشلۇقتىن مەھرۇم قاپتىمەن.

ئەپسۇس!

ئەبدى مۇشتىرى بولاي دىسەم ۋاقىت كېچىكىپ كېتىپتۇ، بىراق، بۇ ژۇرنالدىن مىھرىمىنى زادىلا ئۈزەلمىگۈدەكمەن! شۇڭا، بۇ خەتنى ئالاھىدە يېزىش بىلەن سىلەردىن مۇشۇ ژۇرنالغا (بۇ يىلدىن باشلاپ بولسىمۇ) ئېرىشەلىشىمگە مۇمكىن بولۇش - بولماسلىقىنى سورىغىم كەلدى. توغرا كۆرگىنىڭلاردا بىرەر ئېغىز جاۋاب بىلەن بولسىمۇ ئارمىنىمغا دەرمان بېغىشلىشىڭلارنى كۆپتىن - كۆپ ئۈمىد قىلىمەن.

(كەلپىن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىن

قۇددۇس ھاپىز)

يولداش .قۇددۇس ھاپىز:

ئالدى بىلەن سىز ۋە سىزدىن باشقا ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇۋاتقان، خىزمىتىمىزگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە قوللاۋاتقان بارلىق كىتابخان دوستلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز. سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ئورتاق بىر مەسىلە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ژۇرنال يۈزىدە جاۋاب بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بارلىق كىتابخانلاردىن كەچۈرۈم سورايمىز ۋە خىزمىتىمىزگە ئۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن داۋاملىق دوستانە پىكىرلەرنى بېرىپ خىزمىتىمىزنى قوللاپ تۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىز دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك مەملىكەت دەرىجىلىك قوش ئايلىق ژۇرنال، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە چەت ئەللەردە تارقىتىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق يېرىم يىللىق ۋە پۈتۈن يىللىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىمىز. جايلاردىكى كىتابخانىلاردا پارچىمۇ سېتىلىدۇ.

* هۆرمەتلىك تەھرىر:

مېنىڭ ژۇرنالنىڭ «گۈلدەستە» دېگەن سەھىپىسىگە قارىتا مۇنداق پىكرىم بار: گۈلدەستە — ئەبىيىكى رەڭمۇرەڭ گۈللەردىن تىزىلغان بولىدۇ. بىراق ژۇرنال سەھىپىسىدىكى گۈلدەستە بىر ئىككى تال گۈل بىلەنلا چەكلىنىپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز زېمىنىمىزدا ئېچىلغان گۈللەر يوق دىيەرلىك. بۇنىڭدىن كېيىن تەھرىر يولداشلارنىڭ گۈلدەستىنى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن تىزىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم) .

* مېنىڭ بۇ ژۇرنالغا مۇشتىرى بولغىنىمغا بىر يىل بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مۇشتىرى بولىمەن ۋە ئۆزۈمنىڭ كىچىككىنە ئارزۇيۇمنى «باھا، پىكىر، تەلەپ» ئارقىلىق ئىنكاس قىلىپ قويماقچىمەن: «بىيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىنى توختاتماي چىقىرىشىڭلارنى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالىنى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇستەقىل بولۇپ چىققان دۆلەتلەرنى داۋاملىق تونۇشتۇرۇشۇڭلارنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا گېزىت-ژۇرنال چىقىرامدۇ؟ رادىئو ئاڭلىتامدۇ؟ ئۇيغۇر تىلىدا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى كۆرسىتەمدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئەرىقىسىدە ئېگىشلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

(خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندىن مۇھەممە تجان ئۆمەر)

## تامغا بىلەن ۋىۋىسكىدىكى يېزىق بىردەك بولۇشى كېرەك

يولداش تەھرىر:

«ئاساسىي قانۇن» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە، سىچۈەن لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى لېيبو ناھىيىسىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ھەممە تامغىسىغا يىزۇ يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى ئىشلىتىلىدۇ، تامغىغا ئىككى خىل يېزىق ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىمۇ ئىككى خىل يېزىق ئىشلىتىش كېرەكمۇ - يوق؟

ئەمەلىيەتتە، ھازىر پارتكوم تارماقلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىدا يىزۇ يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «نېمە ئۈچۈن پارتكوم تارماقلىرىنىڭ تامغىلىرىدا يىزۇ، خەنزۇ يېزىقى ئىشلىتىلىپ، ۋىۋىسكىسىدا يىزۇ يېزىقى ئىشلىتىلمەيدۇ؟» دەپ سورايدىغان ئاممىلار كۆپەيگىلى تۇردى. بىز ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئىزدەپ بۇنىڭغا ئىنكاس بەرگۈزگەن ئىدۇق، ئۇلار ئۇ چاغدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارتىيىسى، شۇڭا خەنزۇ يېزىقى ئىشلىتىلسىلا كۇپايە» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئۇنداقتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارتىيىسى ئىكەن. يىزۇ مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئەمەسمىكەن؟

مېنىڭچە، يىزۇ يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىكەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىمۇ يىزۇ يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى تەڭ قوللىنىشى كېرەك.

(سىچۈەنلىك كىتابخان ماچۈيبۇ)

## كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئەقىل سىناش مۇسابىقىسى

يولداش تەھرىر:

مىللەتلەر ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك، لېكىن ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا كۆپ ھاللاردا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بەزى ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر ئوبلاستى «ئاساسە - ئەتىقىگە دائىر قانۇن - نىزاملار ۋە ئاساسە - ئەتىقە بىلىملىرى بويىچە 100 سوئالغا جاۋاب بېرىش» مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، 1 -، 2، - 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتنىڭ مۇكاپات سوممىسىنى 500 يۈەن، 150 يۈەن ۋە 100 يۈەن قىلىپ بېكىتكەن. مۇشۇ ئوبلاستنىڭ ئۆزىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقى بىلىملىرى مۇسابىقىسىدە تەسىس قىلىنغان مۇكاپاتنىڭ سوممىسى بولسا ئالدىنقىنىڭ توققۇزدىن بىرىگىلا تەڭ كەلگەن.

بىز مەلۇم بىر خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىلگەن - بېرىلمىگەنلىكىنى ئاددىي ھالدىلا مۇكاپات سوممىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ھۆكۈم قىلساق بولمايدۇ، ھالبۇكى يۇقىرىقى ئەھۋالدىن ھېچ بولمىغاندا مۇنداق ئىككى مەسىلە ئاشكارىلانغان: بىرى مىللەتلەر ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ خىراجىتى ئاز بولغان، يەنە بىرى، مىللەتلەر ھەققىدىكى بىلىملەر مۇسابىقىسىگە قاتناشقىدىغان ئادەم ئاز بولغان، بۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىسا بولارمىكىن.

(شىنجاڭلىق كىتابخان يۈي شياۋلىڭ)

## مىنىڭ تەكلىۋىم

ھۆرمەتلىك تەھرىر:

1. مەزكۇر ژۇرنال مىللەتلەر نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلەر ئۈستىدە كۆپرەك توختۇلۇپ، توغرا كۆز قاراشلارنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلسا.

2. كىتابخانىلارنىڭ ماتېرىيال توپلىۋېلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ژۇرنالدا ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئىرقى، ئاھالە تارقىلىشى، مەدەنىيىتى، مىللەت ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق ماتېرىياللار سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلسا.

(جىمسار ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن يۈشياۋلىڭ)

## هاراق ئىچىسە

هاراق ئىچىسە بىر ئاۋارىچىلىق بار، ئۇ بولىسمۇ، بىر رومكا ئىچىسەڭ باشقا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسەن، ئۇ ئادەم يەنە بىر رومكا ئىچىشى كېرەك.

## ۋوتكىنى كۆرگەن كىشى

بىر يولۇچى ۋوگزال باشلىقىغا تېلېفون بېرىدۇ:

— مەن بىر بۇتۇلكا ۋوتكىنى پويىزدا ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەنمەن، بىرسى تېپىۋېلىپ ئەكىرىپ بەردىمۇ؟ ۋوگزال باشلىقى:

— ياق، بىراق ۋوتكىنى كۆرگەن كىشىنى خەقلەر يۆلەپ ئەكىرىپ قويدى.

## مايسا تىرىلماقچى بولسىڭىز

هاراق تاشلاش جەمئىيىتىنىڭ بىر خادىمى: مايسىغا سۇ قۇيسا مايسا ئايىنىدۇ، ئەگەر هاراق

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

قۇيسا مايسا قۇرۇپ كېتىدۇ. سىز بۇ مىسالدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟

هاراقكەش: ئەگەر ئاشقازىنىڭىزغا مايسا تىرىلماقچى بولسىڭىز ئۇنداقتا هاراق ئىچمەڭ دېگەننى ھېس قىلدىم.

## پىرقىراۋاتقان يەر شارى

جۇغراپىيە دەرسىنى تۈگىتىپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەن بالا دادىسىدىن:

— دادا، يەر شارى نېمىشقا پىرقىرايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە، يەر پىرقىراۋاتىدۇ دېدىڭما! — دەپتۇ دادىسى مەستلىكتىن خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بالىغا تىكىپ، — مېنىڭ ھارىقىمنى ئوغرىلىقچە ئىچىۋالغان ئوخشايسەن دە.

## قىمارۋاز

بىر ئەسكەر قىسىم ئالمىشىش ئالدىدا پولكوۋنىك ئۇنىڭغا: «ئەگەر بۇ ئەسكەرنى قىماردىن قول ئۈزدۈرەلىسىڭىز. ئۇ ھەقىقەتەن يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ» دەپ خەت يېزىپ بېرىپتۇ.

يېڭى قىسىم پولكوۋنىكى ئەسكەرگە قاراپ: سەن قانداق قىمارلارنى ئوينايسەن؟ دەپ سوراپتۇ.

— ھەر قانداق قىمارنى ئوينايمەن، دەپتۇ ئەسكەر مەن ھەتتىلىك ماڭاشىم بىلەن دولىشىمەنكى سىزنىڭ ئوڭ قولتۇقىڭىزدا بىر مەڭ بار ئىكەن.

— قويە پۇلىڭنى — دەپتۇ پولكوۋنىك دەرھال كۆينىكىنى سېلىپ، قولتۇقىدا مەڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ، ئەسكەرنىڭ پۇلىنى ئېلىۋاپتۇ.

ئەسكەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ خەت ئەۋەتكەن پولكوۋنىككە تېلېفون ئېلىپ، ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا: — مەن سىز ئەۋەتكەن

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

ئەسكەرنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىپ چىقىرىۋەتتىم. ئەمدى ئۇ ئىككىنچى قىمار ئوينىمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دەپتۇ پولكوۋنىك ئۇ بايام تېخى سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېرىپ بەش مىنۇت ئىچىدە كۆينىكىڭىزنى سالدۇرالايدىغانلىقى ھەققىدە مەن بىلەن 2000 يۈەنگە دولاشقان ئىدى.

## ئىتنىڭ مەست بولۇشى

بالىسى:

—دادا، ئىتمۇ هاراق ئىچەمدىكەن، ھە!

دادىسى:

— ئىتنىڭ هاراق ئىچكىنىنى نەدە كۆرگەن سەن.

بالىسى:

— تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئىتنىڭ خۇددى سىزدەكلا قوسۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.



تېمسىز




چرايىدىكى ئىسلاھات




قۇتقۇزۇش ئۆيىدىكى تەجرىبە




ئۆتكەمەس پىلان



شومۇرگۇچ




زابوينىڭ نالىسى

هەجۈپى سۈرەتلەرنى قايىنام جاپپار ئۆزگەرتىپ سىزغان

# 1993年第二期要目

## ●卷首语


人生就是这样


## ●民族论谈


时代重任赖英才
——在现代建设中积极培养使用少数民族干部……司马义·艾买提
民族工作干部要树立经济观念增强民族观念……吴炳金
民族工作要服从服务于经济建设……王俊贵


## ●说说我的民族


维吾尔绣花艺术……吐尔迪·卡迪尔
维吾尔建筑艺术……阿布都徐库尔·玛合苏提
元朝时期在京形成的维吾尔村……阿布力孜·穆汗莫德


## ●世界民族之林


中国"火凤凰"
——美国各族裔中的华裔……朱锡强 张芬梅
美拉尼西亚人的婚俗


## ●人物


愿你更上一层楼，卡玛尔大叔……艾孜孜·阿力木


## ●民族工作扎记


内蒙古专栏（三篇）


## ●知识荟萃


何为关贸总协定……瓦力·巴拉提
什么是股票……除克莱提·艾合玛德
怎样预防心绞痛……艾沙·纳斯尔


## ●花坛


思想的诞生……陶菲克·阿吉姆（埃及）
艾合玛德伊明散文（四篇）


## ●艺苑


苗族青年在芭城……李文龙摄（封面）
朝鲜族儿童的艺术世界……新华社供稿（封二）
《瑶池风采》摄影展作品……杨友礼等摄（中心页）
斗马节……韩 准 张大光 马亚民摄（封三）
卡依那木·加帕尔美术字选登……（彩背一）
黑白摄影作品选登……阿布力孜·阿布都拉等
锦绣河山……亚力坤·阿比力摄



民族团结

（维吾尔文）

●主编
伊德里斯·巴拉提

●副主编
艾克巴尔·艾力

●责任编辑
哈米提·尼格买提

●出版
中国民族团结杂志社

●编辑
民族团结杂志社维编部

●地址
新疆乌鲁木齐市友好南路22号
邮政编码：830000

●印刷
新疆日报社印刷厂

●发行
乌鲁木齐市邮局

●订阅
全国各地邮局

●国外总发行
中国国际图书贸易总公司
国外代号：BM4270

●全国统一刊号
CN11——1557

●邮政发行代号
58——117



جىن شۈلىيەن يەتتە يېشىدا مەملىكەت بويىچە ئۈچىنچى دەرىجىلىك روياڵ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن



جۇ شۈنيۈ خۇسۇسىي ئاچقان سەنئەت باللار باغچىسى، ئوت يىلدىن بۇيان 80 بالا قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ بالا شەھەر دەرىجىلىك باللار ئاكاردىيون مۇسابىقىسىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

# چاۋشيەن ئۆسمۈرلىرىنىڭ سەنئەت ماكانى

چاۋشيەن مىللىتى ناخشا ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت. يەنبيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر بىر باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۆسمۈرلەر سارىيى سەنئەت تەربىيىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. چاۋشيەن ئۆسمۈرلىرى كىچىكىدىنلا مۇزىكا، ئۇسسۇل تەربىيىسى كۆرىدۇ. 1985 ـ يىلدىن بۇيان مەملىكەت ۋە ھەر قايسى ئۆلكە دەرىجىلىك ھەر خىل ئۆسمۈر ـ باللار مۇزىكا، ئۇسسۇل مۇسابىقىلىرىدا، يەنبيەن چاۋشيەن ئاپتونوم ئوبلاستى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەر بويىچە 70 تىن ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



جىن چاڭجۇ ئائىلە بويىچە سەنئەت يىغىلىشى ئېلىپ بارماقتا.



مۇزىكا ئۆگىنىشكە بىرگە كەلگەن ئاتا ـ ئانىلار.



; مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ سەنئەت ئۆمىكى كۆپ قېتىم بېيجىڭگە كېلىپ ئويۇن كۆرسەتكەن، ئۇلار يەنە چاۋشيەن ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.




دۆلەت ئىچىدىكى تىزىملىك نومۇرى: CN11 — 1557

(《民族团结》维吾尔文版)

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58

باھاسى 1.00 يۈەن